

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

**XINJIANG CIVILIZATION**

1
1988



قىرغىز دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى جانساز ھاجى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

37- يىل نەشرى 1988- يىل 1- سان (ئومۇمىي 170- سان)


## بۇ سانىدا

### ئەدەبىيات گۈلزارى


تۇمانلىق دۇنيا ............ (ھېكايە) ............ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 2

تەمبۇرچى دوستۇم ھەققىدە مۇۋەششەھ ............ تېيىپجان ئېلىيوپ 79

نۇرلىنىدۇ بۇ دۇنيا مۇھەببەتلىك ئادەمدىن ........ (شېئىر) ............ ئابلەت ئابدۇللا 19

شېئىرلار ............ ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن 20

ئابدۇللا سۇلايمان، تۇراپ دائىم، غەيرەتجان غوپۇر، مۇختار خالىل،

كېرىمجان سۇلايمان، ئابدۇلئەھەت سەلەي، پەرھات تۇرسۇن


### مىللەتلەر


دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقى ............ نىغمەت مىڭجانىي 64


### تارىختىن سۆز


كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى ...... نىزامىدىن ھۈسەيىن 24


### ئۆرپ - ئادەتلەر


خىرىستىئان مىللەتلىرىدىكى بىر ئەنئەنىۋى ئادەت ............ ئابلىمىت روزى 68


### تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى


دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا ............ 54


### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


شەيتان سەپەردە ............ (تارىخىي رىۋايەت) ............ 72


### تۇرمۇش ئەينىكىدە


ئاياللارنىڭ يۈزى ئەۋرەتمۇ؟ ............ تۇردى سامساق 57


### سەھنە ماتېرىياللىرى


ناخشا تېكستلىرى ............ ساتتار توختى 49

ئابدۇسالام تىلىۋالدى، ئاۋۇت ساۋۇت، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


سازەندە ............ (ھېكايە) ............ مىر مۇھسىن 76



مۇقاۋىدا: پەرھات چۆلگە سۇ باشلىدى (سۇ بوياق). مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: شاھى ئابباس بىلەن ھەسەن ۋەزىرشىكاردا (ماي بوياق). رەسىملەرنى نۇرۇللام ئىبراھىم سىزغان

رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز، ئىسمائىل ئىبراھىم، مۇختار ئابدۇراخمان


مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى. جاۋابكار مۇھەررىر ۋە تېخنىك رېداكتور: قۇربان ماموت.

مۇھەررىرلەر: قۇربان ماموت، سائادەت ئابلەت، رىسالەت مۇھەممەت



(ھېكايە)

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

ھويلىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك
پەيدا بولۇپ قالغان ياسىنجاننى كۆرۈپ ئور-
نۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە، قول ئۇزاتقاچ
چاقچاق قىلدىم:

— ئوھوي، بايۋەچچىغۇ بۇ، كەل ئاغىنە
داستىخانغا ئۆت، ئاش ئۈستىدىن چۈشكىنىڭگە
قارىغاندا سەنمۇ ياخشى ئادەم ئوخشايسەن
جۇمۇ!

— رەھمەت ئاداش، مۇشۇ تۇرقۇمدا گېلىم-
دىن بىر نەرسىمۇ ئۆتمەيدۇ....

ئۇنىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەن،
تەلەپپۇزىمۇ ئاجىز ۋە مەيۇسانە ئىدى. ئات-
قۇچىنىڭ مۇشتىكىدەك دىقماق قوللىرى بىلىن-
ەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. سېغىز تۇپىدەك
تاتارغان چىرايىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇر-
غان كۆز جىيەكلىرىدىكى قىزىللىق، قېنىنى شو-
رۇۋالغاندەك ئاقىرىپ، چۆل سەپىرىدىكى
تەشنا يولۇچىنىڭكىدەك پۇرلىشىپ كەتكەن
لەۋلىرى بىز كۆرۈشمىگەن ئىككى كۈندىن
بۇيان ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا بىرەر تاسادىپىيلىقنىڭ
يۈز بەرگەنلىكىدىن بىشارەت بېرەتتى. كوت-
مەك قاشلىرى ئارىسىدىكى ئۈچ يول چوڭقۇر
ئەجىن بۇ تاسادىپىيلىققا ئەگىشىپ كېلىدى-
غان نامەلۇم قىسمەتتىن ئاگاھ بەرگۈچى ئەن-

دىشلىك جۈملىسىنىڭ كەينىگە قويۇلغان ئۈن-دەش بەلگىلىرىدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئادەتتە تەمكىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرىمۇ مانان كەينىدە قالغان، چىراقتەك غۇۋالاشقان، كۆز قارىچۇقلىرى بولسا پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدىگەندەك، توختىماي ھەرىكەتلىنەتتى.

— ھوي نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا تىترەيسەن،— دېدىم مەن جىددىي تەلەپپۇز بىلەن ئۇنىڭ بەستىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، — دوختۇرغا توغرى كېرىپتىمۇ؟ سودىدا زىيان تارتتىڭمۇ-يا؟

ئۇ سوئاللىرىمنىڭ ھەممىسىگە باش چايقايتتى. باش چايقاۋېتىپ تىترەيتتى.

— ئەمىسە نېمە بولدى ساڭا، جان چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئادەمنى تەقەززا قىلماي گەپ قىلساڭچۇ ئاداش!

ياسىنجان بىلەن تۆت يىلدىن بېرى خېلى قويۇق ئارىلىشىپ كېلىۋاتىمەن، بىلىشىمچە، ئۇ ئەركەك تۈكى بار، مەرد، چىداملىق، ئېغىر-بېسىق، توپان بالاسى كەلسە هوشۇقىغا چىقمايدۇ دەپ يۈرۈيدىغانلاردىن ئىدى. بىر چاغلاردا پەۋقۇلئاددە سەۋەب بىلەن ئالدىنىپ قېلىپ، مىڭ يۈەن دەسمايىسىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغاندىمۇ ئۇ بىر ئېغىز ۋايسىمىغان، يەنە ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا، توغرىلىقلىقىغا تايىنىپ ئىگىلىكىنى تىكلىۋالغانىدى.

— ئاداش، تامىقىڭنى يەپ بولغان بولساڭ بىزنىڭ ئۆيگە بىر بارساق،— دېدى ئۇ ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

— تاماقنىمۇ يەپ بولدۇم، قېنى ئېيتە، ئۆيۈڭدە نېمە ئىش بولدى، ئاپاڭ بىر نېمە بولدىمۇ - يا؟

كۆز چاناقلىرىدا زىيادە تولدۇرۇلغان پيالىدىكى سۇدەك لىغىرلاۋاتقان كۆز يېشى، بارغانسېرى لەرزىگە كېلىۋاتقان ۋۇجۇدى ئاخىرىدا مېنى ئۇنىڭ ئانىسى ھەققىدە مۇشۇنداق يامان ئويلاردا بولۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

— ياق، ئاپام ئوبدان... ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، مەستۇرەم، مەستۇرەم بولالماي قالدى...

— مۇنداق دېگىنە، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ مۇشۇنچە بولۇپ كەتكەن بارمۇ ئەمدى؟

ياسىنجان كۆڭلىنى چۈشەنمەيۋاتقىنىمغا نارازى بولغاندەك، ئەجەبلەنگەن ھالدا كۆزلىرىمگە لاپ قىلىپ قارىۋالدى. مەن ئۇچقاندەك ئۆيگە كىرىپ پىلاندوسكوپ، تېرمومېتىر قاتارلىق ئاددىي ئەسۋابلار سېلىنغان سومكىنى ئېلىپ چىقتىم، ئالدىراپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولغان ياسىنجاننى قوغلاپ يەتتىم.

كەچلىك ھاۋا خېلى ئىللىق بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ قۇرغاق ئىدى. ناھىيە بازىرىنىڭ ئارقا كوچىسى بازاردىن يانغان رەۋەندىلەرنىڭ ئېشەكلىرى توزۇتۇپ ئۆتكەن توپا بىلەن تۇمانلاشقان. پاتاي دەپ قالغان قۇياش تۇمانلار ئارقىسىدىن مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان يوغان شاردەك ساغىرىپ كۆرۈنەتتى. ياسىنجان مۆكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەم ۋە ئات - ئېشەك ھارۋىلىرى ئارىسىدا قىلىيورغىدەك تېز كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن قالماسلىق ئۈچۈن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگىنىمچە پات - پات ئۆلاقلار ئارىسىدىن يول تېپىپ سوكۇلداشقا، يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتىم.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي 25 مىنۇت ئۆتكەندۇ، ئاخىر تۈزچى كوچىسىنىڭ ئۇ بېشىدىكى ئەنجان تېمى بىلەن قورشالغان تېرەكلىك ھويلىغا يېتىپ كەلدۇق. دەرۋازا ئالدىدا تېقىمىغىچە ساڭ-

گىلاپ تۇرغان قىلىن تور ياغلىقىنى يات - يات قايرىتىپ، يولىمىزغا تەلمۈرۈپ تۇرغان خەلىچەخان ئاچا قارىمىزنى كۆرۈپلا ھويلىغا يۈگۈردى. بىزمۇ تاپ بېسىپ دېگۈدەك ياسىنجاننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدۇق.

تۆت تېمىدىن تارتىپ جاھازىلىرىغىچە ماڭىلا تونۇش بولۇپ كەتكەن بۇ ھۇجرىنىڭ تۆر تەرىپىگە يانداپ قويۇلغان چوڭ كارىۋاتتا مەستۇرە قات - قات كۆرپىلەر ۋە تاۋار يوتقان ئارىسىدا ياتاتتى. ئۇ ئاياغ تۇۋىشىنى ئاڭلاپ پەرەنجىسىنى بېشىغا تاشلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرگەن بولسا كېرەك، قوللىرى پەرەنجە ئاستىدا مىدىرلايتتى. ئۇ ئېرىنىڭ مېنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. شۇڭا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىككى قولى بىلەن كۆرپىگە تايىنىپ تۇرۇپ تەسلىكتە ياستۇققا يۆلەندى - دە، مەن تەرەپكە قارىغانىدەك بولدى. بۇ ئۇنىڭ سالىمى ۋە كەسپىمگە بولغان ئىشەنچىسى ئىدى.

ياسىنجان ئىشىكتىن كىرىپلا ئايالىدىن ئۇسسۇزلۇقى ئىچىدىغان - ئىچمەيدىغانلىقىنى سورىدى - دە، جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئېگىلىشتى. مەنمۇ تەكلىپ بويىچە كارىۋات يېنىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم.

— بىر ئاز ياخشىلىنىپ قالدىڭىزمۇ مەستۇرە، — دېدىم چۈمپەردە ئاستىدىكى زىلۋا گەۋدىگە قاراپ، — قەيېرىڭىز ئاغرىيدۇ؟

چۈمپەردە ئاستا مىدىرلىدى. ئۇ كېسەلى ئۈستىدە قىسقىلا شىكايەت قىلدى. لېكىن بۇ بىر قانچە ئېغىز سۆز مېنى ھېچنېمە بىلەن تەمىن ئېتەلمەيتتى. ئەقەللىسى يۈرەك ھەرىكىتى ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ كۆرگەندىلا ئۇنىڭ كېسەلى ئۈستىدە ئانچە - مۇنچە بىر نېمىلەرنى بىلگىلى بولاتتى.

ئايالنىڭ بېشىدا خۇددى پەرۋانىدەك چۆگىلەپ يۈرگەن ياسىنجان سومكامدىن ئەسۋابلىرىمنى چىقىرىپ تېرمومېترنى سىلكىشكە باشلىغىنىمنى كۆرۈپ بىردىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ۋە:

— ئاداش، بۇ نەرسىلىرىڭنى قويۇپ قوي، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ دورا بەرسەڭلا بولدى. مانا مۇنداق، — دېدى ۋە يوتقان ئاستىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ مەستۇرەنىڭ ئورۇقلاپ چۈككەندەك بولۇپ قالغان قولىنى چىقىرىپ، نېمە قىلىشىمنى ئۆگەتمەكچى بولغانىدەك بارماقلىرىنى تەگكۈزۈپ قويدى.

تېرمومېترنى سىلكىۋاتقان قولۇم ھاۋادا ئېسىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە «ئايالىڭنىڭ ساقىيىشىنى تىلەيسەنمۇ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ» دېگەندەك نارازىلىق نەزىرىم بىلەن تىكىلدىم. ياسىنجاننىڭ كۆزلىرىدىن يالۋۇرۇشقىمۇ، قەتئىيەتكىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ئالامەتلەر ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. شۇڭغا جەزم قىلالايتتىمكى، مېنىڭدىن ئۆزگە ھەرقانداق دوختۇر مۇنداق ھالەتكە دۇچ كەلگەن بولسا «خوتۇن دېگەن كاپىلا قىلىپ ئاغزىغا سېلىۋالىدىغان بىر تال كەمپۈتمىدى. ماڭا ئىشەنمىگەندىن كېيىن ئۆزەڭ نېمە قىلساڭ قىل» دەپلا يېشىنى قېقىپ كەتكەن بولاتتى.

بىراق، مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم. بۇ ئائىلە بىلەن تۇز-تائام يېيىشىۋاتقان بىر قانچە يىلدىن بۇيان ياسىنجاننىڭ ئۆز ئايالىنى 360 كۈن چۈمپەردە ئاستىدا ساقلايدىغانلىقى ماڭا روشەن ئىدى. دەسلەپتە بۇ ئىش ماڭا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلغان، ياسىنجان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تولا تەشۋىق قىلىپ ئاغزىمنىڭ ئون قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكەن، مەيلى قانداق پاكىت كۆرسەتمەي، خەلىچەخاننىڭ ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان ئۆرپ - ئادەتنى مەھكەم ساقلاش توغرىسىدا ئۇلۇغلارنى شەپىي كەلتۈ-

روپ سۆزلىگىنى سۆزلىگەن ئىدى. ياسىنجان مەن بىلەن گەپ تالاشمايتتى. بىراق، نەسىھەتلىرىمنىڭ ئەھمىيىتىنى قەستەن يوققا چىقارماقچى بولغاندەك، نەسىھەتىمنى مەنسىتمىگەندەك، ياكى گېپىمدىن ھېچنېمە ئاڭقىرالمىغاندەك كۈلۈپلا ئولتۇراتتى. كالىنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك سۆزلىشىم ۋە ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشى قايسىدۇ بىر نامازغا ئەزان چىقىپ، ياسىنجان تاھارەت ئېلىشقا تەرەددۇت قىلغۇچە داۋاملىشاتتى.

بىر دەم ئېلىش كۈنى بازار ئايلىنىپ ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ قالغىنىمدا ئۇ چاي ئېلىپ كەلگەن ئايالىنى خۇددى قىممەتلىك مېھمانىنى ئۇزاتقاندەك ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىنلا كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتقانىدى:

— تويىمىزدىن كېيىن مەستۇرەمنىڭ يۈزىنى ئېچىۋەتسەك ئېچىۋېتەيلى دەپمۇ ئويلىۋىدىم. ئەمما، ئانام بۇ پىكرىمگە زادىلا قوشۇلمىدى. كېيىنچە قايتا - قايتا ئويلاندىم. قارىسام چوڭلارنىڭ ئېيتقىنى يەنىلا دۇرۇس ئىكەن. سەن بىلمەيسەن، ھېلىقى قارغىش تەگكۈر كۈنلەردە ئانامنى «پەرەنجە تارتتىڭ» دېگەن گۇناھ بىلەن ئاز قىينىمىدى دەمسەن؟ ئۇ ۋاقىتتا مەن كىچىك ئىدىم. ئانامنىڭ كۆيۈۋاتقان پەرەنجىسىگە قاراپ زار-زار يىغلىغىنى، خورلانغىنى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى شۇنچىۋالا ئاياغ - ئاستى قىلغان بارمۇ؟ خۇداغا شۈكرى، ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. مانا ئەمدى ھۆكۈمەت بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە ھۆرمەت قىلىۋاتىمادۇ؟ دەپسەندە قىلىنغان ئۆرپ - ئادىتىمىزنى ھازىر ئەسلىگە كەلتۈرمىسەك قاچان ئەسلىگە كەلتۈرىمىز؟ ئاتا - بوۋىلار زامانلاردىن بېرى ساقلاپ كەلگەن ئادەتنى بىز بۇزۇۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ قىرغىز بىلەن ئۇيغۇرنىڭ، ئۇيغۇر بىلەن قازاقنىڭ يەنە نېمە پەرقى قالىدۇ؟ بۇ ۋىجدان بىلەن جاۋاب بېرىدىغان مەسىلە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلۇغلار ...

مانا بۇ ياسىنجاننىڭ مەنتىقىسى، ۋارىسلىق قىلىش مىزانى ئىدى. ئۇنىڭ چىن ئېتىقاد بىلەن ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مىزانى گەرچە كۈلكىلىك بىر نېمە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈشكە بولمايتتى. قىلغان نەسىھەتلىرىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايتتى، يا بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى. يامىنى كەلسە ساڭا كۈلىيەتتى. شۇندىن باشلاپ تەشۋىقاتىمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدىم ۋە مەستۇرەنىڭ جىگەررەڭ تور ياغلىق ئاستىدىكى يوشۇرۇن گەۋدىسىمۇ كۆزۈمگە سىڭىشكە باشلىغانىدى.

بىراق ... بىراق، مەستۇرەنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەر قانداق چاغدىكىگە ئوخشىمايتتى. پەيلىرى بۇرتۇپ چىقىپ قالغان ئورۇق قوللىرى، سەل كۆكىرىشكە باشلىغان تىرناقلىرى كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالاتتى. نېمىلا بولمىسۇن بىمارنىڭ يۈرەك ھەرىكىتى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپلا قالماي، بەلكى تىلىنى، كۆزىنى كۆرۈپ چىقىش كېرەك ئىدى. ياسىنجان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بولسا... كەسپىي مەسئۇلىيىتىم يەنىلا غالىب كەلدى. ئاخىرىدا ئۇلارغا كەسكىن قىلىپ ئېيتتىم:

— ئەگەر مېنى كېسەلگە ئامال قىلسۇن دەپ باشلاپ كەلگەن بولساڭلار، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىڭلار، مەستۇرەنى ئوبدانراق تەكشۈرمىسەك بىلمايدۇ بولمىسا ...!

يالۋۇرۇشلىرىمۇ، قورقۇتۇشلىرىمۇ يەنىلا كېرەككە كەلمىدى.

— ئوبدان بالام، باشقىچە بىر ئامال قىل، مەن خۇش بولۇپ كېتەي، ئاللاھ ئالدىدا گۇناھكار بولۇشتىن يامان ئىش يوق ...

تور ياغلىقنىڭ ئىچىدىن قوقاسقا دەسسىۋالغاندەكلا بىئارام بولۇشقا باشلىغان خەلىچىخانىنىڭ يالۋۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئوغلىنى «سەن بىر نېمە دە» دېگەندەك نوقۇپ قويۇۋېدى، ياسىنجانغا زۇۋان كىردى. ئاللاھ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن قورقتىمۇ ياكى «بولمىسا» دېگەن ھەيۋىلىك سۆزۈمگە ئۆزىچە مەنا بەردىمۇ، ئۇنىڭ ياش بەزلىرى يەنە ھەرىكەتكە كەلگەنىدى. كۆزلىرى تۇزاققا چۈشكەن كېيىكنىڭ قۇتقۇزغۇچىغا تەلمۈرگەن كۆزلىرىدەك مۆلدۈرلەيتتى.

— ئاداش، ئانام توغرا ئېيتىدۇ، مېنى جاھىل دەپ ئەيىبكە بۇيرۇما، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ يۈرمەيلى، ئاتا - بوۋىلارنىڭ روھىمۇ خارلانمىسۇن، ئەقىدەمنى بۇزالمايمەن، سەن بۇنى ئوبدان چۈشىنىسەن...

دېمىسىمۇ، بۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىمدىن بۇيان مەستۈرەنىڭ يۈزى ئوچۇق تۇرغىنىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ چىرايىنى بىر بولسا ئىنتايىن سەت، بىر بولسا بەكمۇ چىرايلىق دەپلا قىياس قىلاتتىم. بەزىدە «مەستۈرە ئاز تېپىلىدىغان ساھىبجاماللاردىن بولغاچقا يات كىشىنىڭ نەزەرى چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ياسىنجان ئۇنى چۈمپەردە ئاستىدا ساقلىسا ۋە تولىمۇ ياخشى كۆرسە كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كېلەتتىم.

شۇ ئەسنادا مەستۈرە ئاستاغىنە ئېگىلىپ، يېنىك تولغىنىۋېدى، ياسىنجاننىڭ چىرايىدىن يەنە قان قاچتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن يالۋۇرغىلى تۇردى:

— جېنىم ئاداش، پاتراق بىر ئامال قىلغىن، ئۇنىڭ ئازابىنى يېنىكلەت، ئالەمنى بەرگەندەك خۇش بولۇپ كېتەي ...

ياسىنجان ئەس - ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالغانىدى. ئاخىرى قانچە كۈچىسەممۇ، ياسىنجان ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تاغدەك مۇستەھكەم بولغان ئېتىقادىنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىمغا يەنە بىر قېتىم كۆزۈم يەتتى - دە ئىلاجىسىز دېدىم:

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مەستۈرەنىمۇ ئاۋارە قىلمايلى، سەن ئۇنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەر، بولامدۇ؟

— بولىدۇ ئاداش، بولىدۇ. ھەممىنى ئېيتىپ بېرەمەن، سەن دورا بېرىسەن، مەستۈرەم ئەتىلا ئوڭشىلىپ، دۇكانغا چاي ئاپىرىپ بېرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ياسىنجاننىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى. ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان تۈگمەن تېشىنى بىر كۈچەپلا ئۆرۈۋەتكەندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدى. پەرەنجە ئاستىدا ياتقان مەستۈرەمۇ ئېرىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشقاندەك، مىدىرلاپ قويدى. ياسىنجان سۆزلەشكە تەمشەلگەن ئانىسىغا «لاپ» قىلىپ قارىۋالدى ۋە ئۆزى سۆز ئالدى:

— سەن بىلىسەن، توي قىلغان تۆت يىلدىن بېرى پەرزەنتلىك بولۇشنى ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنىمىز يوق، سەن بىلىسەن....

— توختا ئاداش، ھېكايەڭ بەك ئۇزىراپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — مەن سوراي، سەن جاۋاب بەر، قانداق؟

— ماقۇل.... ماقۇل، ئىشقىلىپ، پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇيىمىزنىڭ ئاللىبۇرۇن يوققا چىققانلىقىنى بىلىپ قال، دېمەكچىمەنكى....

ياسىنجان ئۈستەلدە تۇرغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان چاينى گۈپ قىلىپلا يۇتىۋېتىپ، ئاغزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېرتىۋەتتى-دە، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تۆت ئاي ئالدىدا مەستۈرەم بالىلىق بو-

لىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىۋىدى، بېشىم ئاسمانغا
تاقاشقاندەك بولدى. كىم بىلسۇن، بۇ بىچارە-
نىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشىنى، كۈندىن-
كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئاخىرى مىدىرلى-
يالماس ھالغا چۈشكەندە سېنىڭ ئالدىڭغا باردىم.

— ھەيز توختىغىلى نەچچە ئاي بولدى؟

ئوغلىنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەز-
گەن خەلىچىخان ئۆزىنى ئىشىكنىڭ تېشىغا ئال-
غاندىن كېيىن، ياسىنجان پەس ئاۋازدا جاۋاب
بەردى:

— بەش ئايچە بولغان ئوخشايدۇ. ئەمما پۈ-
تۈنلەي توختىدى دېگىلىمۇ بولمايدىكەن.

— كۆڭلى ئېلىشامدۇ؟ ھۆ بولامدۇ؟

— ھەئە شۇنداق. ئۈچەي - باغرى يېنىپ
چىققۇدەك ھۆ بولىدۇ.

— بېشى ئاغرىمدىكەن؟

— ۋاي بۇنى سورىمايلا قوي، بېشىم چىڭقى-
لىپ، ئېتىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىيدۇ دەيدۇ. بەزى
كېچىلىرى ۋايجانلاپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ تېخى،
ياغلىق بىلەن تېڭىپ باقساممۇ، ئۇۋۇلاپ باق-
ساممۇ، قويۇپ بەرمىدىغاندەك ئەمەس.

—قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىمدىكەن يا سىرقى-
راپ ئاغرىمدىكەن؟

—مۇجۇپ ئاغرىيدۇ دەيدۇ، باسسا تېخىمۇ
بەك ئاغرىيدىكەن.

— ئورۇقلاپ كېتىشى قاچاندىن باشلانغان؟

—بويۇمدا قالدىمىكىن دېگەندىن باشلاپ.
دەسلەپتە بىز سېزىكى بەك قاتتىق ئوخشايدۇ
دەپ قاپتۇق. كۆڭلى تارتىمىدىكەن دەپ ئاچ-
چىق - چۈچۈك نەرسىلەرنىمۇ ئەكېلىپ بەردۇق.
ئەمما، ئورۇقلىغانسېرى ئىشتەيىدىن قالدى.
ئىشتەيىدىن قالغانسېرى ئورۇقلاپ كەتتى. ھازىر
كۈندىگە بىر پىيالىمۇ بىرنەرسە يېمەيدۇ. پېرى-
خۇنغا پۇل خەجلەپ ئىككى قېتىم ئوقۇتۇپ باق-
تۇق. پايدىسى بولمىدى.

ئۇ ئايالنىڭ ئاغرىق سەزگۈچى نېرۋىلىرى
بىلەن ئۆز نېرۋىلىرى تۇتىشىپ تۇرغاندەكلا
سۆزلەيتتى. ئاخىرى، ئىككى تال ئۇستىخىنى
روشەن بىلىنىپ تۇرىدىغان بېلەككە ئۈچ بار-
مىقىمنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزدۈم.

قىلدەك ئىنچىكىلەپ قالغان تومۇر بەئەينى
چۈمۈلە ماڭغاندەك ئاجىز سوقاتتى. يۈرەك رې-
تىمىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن، تىنىقىمنى توخ-
تىتىپ، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىنى
تامامەن ئۈزۈشكە، سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ھەم-
مىۋا ئىقتىدارىنى بارماقلىرىم ئۇچىغا جەملەش-
كە توغرا كەلدى.

15 سېكۇنت ئىچىدە سانىۋالغان سانىنى تۆت-
كە كۆپەيتتىم. مۇسكۇللىرى زەئىپلەشكەن يۈ-
رەك تومۇر كۆنلىرىدە قوش سۆرەۋاتقان ئو-
رۇق ئۆكۈزدەك كۈچىمەكتە. كىلاپانلارمۇ ئۆز
فۇنكسىيەسىنى ناھايىتى تەسلىكتە بېجىرمەك-
تە ئىدى. ئېغىر قانسىزلىق ۋە يۈرەك زەئىپ-
لىكى كىسلاروت يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىق-
قارغان. بىمارنىڭ ئوسىدەك كۆكەرگەن تىر-
ناقلىرى خەتەرلىك ھالدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

ئويغا پاتقىنىمنى كۆرگەن ياسىنجاننىڭ
چېكە تومۇرلىرى لىپىلداشقا باشلىدى. مەس-
تۇرەنىڭ بىلىكىنى قويۇۋەتكىنىمدىن كېيىنلا
ئالدىراپ سورىدى:

— قانداقراق، چوڭ چاتاق يوققۇ دەيمەن،
بىرەر كۈن دورا ئىچسە ياخشى بولۇپ كېتەر
بەلكىم....

مەستۇرەنىڭ كېسىلىنى يامان كېسەلدىن
گۇمان قىلدىم. گۇمان قىلدىملا ئەمەس، مەك-
تەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيە ۋە بەش يىللىق تەج-
رىبەم بويىچە ھۆكۈم قىلدىم دېسەممۇ بولاتتى.
پەرەزىمدە، ئۇنىڭ كېسىلى ئاخىرقى
باسقۇچقا بېرىپ قالغان، يامان سۈپەتلىك
ھۆجەيرىلەرنىڭ يادروسى چاقماق تېزلىكىدە

بۆلۈنۈپ، ئالگېبرالىق نىسبەت بويىچە كۆپىيى-
ۋاتقان ھۈجەيرىلەر تومۇر- تومۇرلارنى بوي-
لاپ تارقىماقتا، ئەزرائىل رەھىمسىز قوللىرى
بىلەن ئۇنىڭ بوغۇزىنى سىقماقتا ئىدى.

يۈرىكىم بىردىنلا تۆمۈر تاغاقتا تاتىلغان-
دەك ئېچىشىپ كەتتى، كۆز يېشىم يۇقىرى بېسىم-
لىق پومپىدىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك كۆز
چاناقلىرىمغا قاپلاشتى. ھايات سەپىرىنىڭ
ئەمدىلا بىرىنچى مۇساپىسىنى باسقان بۇ چو-
كان گۆر يېنىغا قىستاپ بېرىلگەن. بۇ، كىشى-
لەرگە قىسمەت تەقسىم قىلىنغاندا ئۆلۈم بىلەن
كۆرۈمنى، بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى، ئامەت
بىلەن ئاپەتنى ھەر دائىم سەركەشتە قىلىۋېتى-
دىغان تەقدىرنىڭ بىر ئويۇنى ئىدى.

مەستۇرەغۇ كېتەر، ئەمما مەستۇرە ئۈچۈن
ئەزىز جېنىنى تەقدىم قىلىشقا، تەقدىرنىڭ
مەستۇرەگە ئاتقان مالامەت ئوقىغا ھېچ ئىككى-
لەنمەيلا مەيدىسىنى تۇتۇپ بېرىشكە ھەرقاچان
تەييار تۇرغان ياسىنجان نېمە بولۇپ كېتەر؟
بۇ جۇدالىقتا چىداشلىق بېرەلەرمۇ؟

مەن يالغاندىن يۆتىلىپ، ئەل ئۆمرىدە سۇ
كۆرمىگەن بىنەمدەك قۇرۇپ كېتىۋاتقان كېلىمنى
نەملىدىم - دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تامغا
ئالدىمنى قىلدىم.

—دوختۇرغا نېمىشقىمۇ بالدۇرراق ئېلىپ بار-
مىغانسىلەر؟! — دېدىم مەن دانە - دانە قىلىپ.

ئۆز ئاۋازىم ئۆزەمگە غەلىتىلا ئاڭلاندى.
ھەر قانداق بېجىرىم يۈرەك ۋە گۇمانخورلۇقتىن
خالى بولغان كۆڭۈلنىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغان
بۇ سوراقنى ئاغزىمدىن ناقولاي پەيتتە چىقى-
رىۋەتكىنىمگە شۇ ھامان ئۆكۈنۈپ قالدىم-يۇ،
پۇشايمان قىلمىدىم. چۈنكى، بۇ بىر ئاۋۇنىڭ ئۆز
ئاغىنىسىگە ئەمەس، بەلكى بىر دوختۇرنىڭ
خۇدابەخشەندە قىلىنغان ئەزىز ھاياتنىڭ قەدرىگە
سەل قارىغۇچىغا قارىتىپ ئېيتقان ۋىجدان تەنە-
دىسى ئىدى. قولدىن كېتىپ قالغان ۋاقىت
دوختۇرنىلا ئەمەس، ھەرقانداق كىشىنى ئۆكۈن-
دۈرەتتى.

ئۆي ئىچىدە ئېغىر سۈكۈت ھۆكۈم سۈرمەكتە.
يۈرىكىمنىڭ ئۈركىگەن يىلقىنىڭ تۇيىقى ئاۋا-
زىدەك تىنىمسىز گۈپۈلدەشلىرى قۇلىقىمغا
ئېنىق ئاڭلىناتتى، ئەقلىغە سىغمايدىغان بۇ
جىمجىتلىقتا چىداپ تۇرالمىدىم، ئاستا كەي-
نىمگە بۇرۇلۇپ، تەنە نەزەرى بىلەن ياسىن-
جانغا قارىدىم.

ياسىنجان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ ھەي-
كەلدەك قېتىپ قالغانىدى. ئەينەك شارچىدەك
ئويۇپ قالغان كۆز قارىچۇقىدا ھېچقانداق
ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۈستىرا تەگمىگىنىگە بىرەر
ھەپتىچە بولۇپ قالغان، ئېگىزدىكى بۇغداي
كۆتەكلىرىدەك تۇرغان ساقىلى تېزلىكتە ئۆسۈ-
ۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىككى قولى نامازغا تۇرغان
كىشىدەك تاشلانغان، بېشى رۇكۇدا ئولتۇرغان
نامازخاندەك بىر تەرەپكە قىيسايغانىدى.

ئۇ ئەمدى سوئالىمغا نېمە دەپ جاۋاب بېرە-
لەيتتى؟ ئېنىقكى، ئۇ ئايالىنى دوختۇرغا ئېلىپ
بارغۇسى كەلمىدى ۋە ئېلىپمۇ بارمايتتى. ئاتا-
بوۋىلاردىن قالغان ئۆرپ - ئادەت ھۆرمىتى
ئۈچۈنمانا مۇشۇنداق بەدەل تۆلىگەنىدى.

— ئاداش، نېمە ئانچە قايغۇرىسەن، مۇنداقلا
سوراپ قويدۇم، دوختۇر دېگەن مۇشۇنداق
دېمەي نېمە دەيتتى ئەمىسە، —دېدىم مەن زورىغا
كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ، — مەس-
تۇرەگىنى ئەتە ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا ئېلىپ
بار، ئەندىشە قىلما، ئۇنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېلى-
ۋەت دەپ تۇرۇۋالمايمەن.

ياسىنجان يالغان ئېيتمايدىغانلىقىمنى
بىلەتتى. ماڭا چىن كۆڭلىمدىن ئەقىدە قىلاتتى.
ئۇنىڭغا ئەپسانىلاردىكى ياغاچ ئادەمگە بىر
ئەپسۇن بىلەن جان كىرگەندەك جان كىرىشكە

باشلىدى. ئاۋۋال كۆز قارىچۇقى مىدىرلىدى، ئاندىن چىرايىدا ھاياتلىق نۇرى ئەكس ئېتىشكە، تىلى گەپكە كىرىشكە باشلىدى:

— ئۇنداقتا مەستۈرەمنىڭ كېسىلى ئېغىر ئەمەسكەن، شۇنداقمۇ، ماقۇل، بۇ دورىم كېيىنكىگە كىرەي، مەستۈرەمنى ئەتە ئەتىگەندىلا ئېلىپ باراي، يەنە باشقا دوختۇرلارغا بۇيرۇپ قويۇپ يۈرمە جۇمۇ، شۇنداق قىلمىدىغان بولساڭ ئىككىنچى يۈزۈڭگە قارىمايمەن. مەستۈرەم ھەر نېمە بولسىمۇ ئىمانى بىلەن بولسۇن!

ئۇ بۇ گەپنى ماڭا بىراۋنى ئەدەبلەۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا دېدى. مەنمۇ ھېلىقى سوئالىم تۈپەيلى تۇغۇلغان يامان پەرەزدىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەيدا بولغان ۋاقىتسىز ماتەمنىڭ تېزدىنلا يوقالغانلىقىغا ئىچىمدە شۈكرى قىلدىم.

مەستۈرەنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش تەكلىپىمنى بېرىشىمنىڭ بىر سەۋەبى ئاشۇ ۋاقىتسىز ماتەمنى يوق قىلىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىرى دىئاگنوزنىڭ ئېنىقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ھەرقانداق ئەخلاقلىق ۋە ئاقىل دوختۇر كىلىنىك ئالامەتلەرگە ئاساسەن چىقارغان ھۆكمىدە يەنىلا تاسادىپىيلىققا ئورۇن تاشلايدۇ ئەمەسمۇ؟

ئەتىسى ئەتىگەندە دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىمدە، ئايالى ياتقۇزۇلغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان ياسىنجاننى يىراقتىنلا تونۇدۇم ۋە ئۇ كەلگىچە توختاپ تۇردۇم.

مەستۈرە چىرايلىق شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك تاۋار تاشلىق يوتقانغا پۈركىنىپ ياتاتتى. بېشىدا قاردەك ئاپئاق ياستۇق بار ئىدى. ھارۋىنىڭ بىر دەم ئۇ يېنىغا، بىر دەم بۇ يېنىغا ئۆتۈپ پايپېتەك بولۇۋاتقان خەلىچىخان ئاچا كېلىنىنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ، يوتقان چېتى بىلەن باستۇرۇلغان جەگەررەڭ قېلىن تور ياغلىقنى پات-پات تۈزەشتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇلار بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ھارۋا ئىتتىرىشكە ياردەملەشتىم ۋە ھارۋىنى ئامبولاتورىيە بىناسىنىڭ پەشتىقىغا يېقىن ئەكېلىپ توختاتتۇق. بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ئىككى ئىلمەك ياداپ كەتكەن ياسىنجان ئايالىنى تېگىپ كەتسىلا پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدىغان نەپىس ئەينەك بۇيۇمنى ئاسرىغاندەك ئېھتىيات بىلەن يۆلەپ، ياستۇقنى بېلى ئاستىغا قىستۇردى-دە، ئۇستىخانلىرىنىڭ ئۇۋۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئاۋايلاپ، كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈردى. خەلىچىخان ھېلىھەم تور ياغلىقنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بەنت ئىدى.

قوللىرىدا ئامبولاتورىيە نومۇرىنى تۇتۇپ، ئىشىك تۈۋىدە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان بىمارلار مېنى كۆرۈپلا ئۆزلۈكىدىن يول بوشاتتى. مەستۈرەنى كۆتۈرۈپ بۆلمەمگە ئېلىپ كىرگەن ياسىنجانغا ئايالىنى ئىش ئۈستىلىم يېنىغا قويۇلغان تاختا كارىۋاتقا ياتقۇزۇشقا ئىشارەت قىلىۋېدىم، ئۇ ئانىسىغا قاراپ دېدى:

— ئانا، ھارۋىدىكى يوتقان-كۆرپىنى ئېلىپ كىرىپ، كارىۋاتقا سالسىلا، بۇ بېچارىدىن داق كارىۋات ئۈستىدە قىيناپ قويىمىز، ئۇنىمىسىزمۇ...

بىمارلارنى مۇجۇپ تەكشۈرۈش مەقسىتىدە قويۇلغان مەخسۇس كارىۋاتقا سېلىنىغان كۆرپە ھەقىقەتەن نېپىز ئىدى. بۇ كېسەللەرنىڭ تۈز ۋە تەكشى يېتىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئارتۇقچە چۈشەك سېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىراق، بۇ پەۋقۇلئاددە بىمارغا ئېتىبار بولسۇن ئۈچۈن ئۈندىمىدىم.

مەستۈرەنى تەكشۈرۈش ئىشى تۈنۈگۈن كەچتىن باشلاپ بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ ئالدى

بىلەن ئايالىلار بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. قېرىشقاندەك، ئايال دوختۇر كېسەل بىلەن دەم ئېلىۋاتقاچقا، نۆۋەتچىلىك ئورنىدا بىرلا ئەر دوختۇر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياسىنجاننىڭ تەلەپىگە ئىلاجىسىز ماقۇل كەلگەنىكەنمەن. ئاخىرىدا كۇنبويى كىرپىك قاقماي ئويلاپ تاپقان ئامال بويىچە مەستۈرەنى ياسىنجانغا كۆتۈرتۈپ، رېنتگېن بۆلۈمىگە باشلاپ كىردىم.

كونۇپكىنىڭ ئىمپۇلسلىق ھەرىكىتى بىلەن رېنتگېن لامپىسىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆزگە كۆرۈنمەس نۇر مەستۈرەنىڭ بوشىشىپ كەتكەن توقۇلمىلىرىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئالدىمىدىكى ئېكراندا سايە پەيدا قىلىشقا باشلىدى. كونۇپكىنى يەنە باستىم، يەنە شۇ سايە، رېنتگېن نۇرلىرى تېشىپ ئۆتەلمەيۋاتقان ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق سايە.

سايىنى كۆزەتكەنسېرى پۈتۈن تېنىمدىكى تەر بەزلىرى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇزايىمنى سوغۇق تەر باستى.

B تېپتىكى ئۇلترا ئاۋازدولقۇنى ئەسۋابىنىڭ دولقۇن تۇرۇپكىسى مەستۈرەنىڭ سىلىقلاشتۇرغۇچى ماي سۈركەلگەن تېرىسى ئۈستىدە توختىماي ھەرىكەت قىلماقتا. دولقۇن تۇرۇپكىسى ئىچكى ئەزالارنىڭ ھەربىر قىسمىدىن قايتقان ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىنى كۆكۈش نۇر چاقناۋاتقان ئېكرانغا ئەۋەتمەكتە، ئېكراندا يەنە شۇ سايە، قورقۇنچلۇق سايە!

كىشىلەر دوختۇر، ۋىراچلارنى «قاسساپ» دەپمۇ قويىدۇ، بەزىلەر «ۋىراچ دېگەننىڭ باغرى قاتتىق، تاش يۈرەك» دېيىشىدۇ ۋە بۇنىڭغا بىزنىڭ مېدىتسىنا مەكتەپلىرىدە ئاناتومىيە دەرسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئادەم ۋە ھايۋان ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ئىچ - قارنىنى يارغىنىمىزدىن باشلاپ، ھەرخىل ئوپېراتسىيىلەر ئېلىپ بارغىنىمىزغىچە بولغان مەسىلىلارنى شېپىي كەلتۈرىدۇ. مانا مەن دوختۇر، دۇنيادا دوختۇردىنمۇ باغرى يۇمشاق ئادەم يوقمىكىن دەپ ئويلايمەن. شۇڭا ئالدىمىزغا كەلگەن بىمارنىڭ يۈرىكى ئازراق بولسىمۇ مىدىرلاپ تۇرىدىكەن، تىنىقى ئۈزۈلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدنى ئۈزمەيمىز، ئەڭ ئاخىرقى ئامالىنىمۇ ئىزدەپ باقىمىز.

لېكىن بىزنىڭ سەكراتقاچۈشۈپ قالغانلارنى - نى قىيىن مەسىلىلەر ئالدىدا ھودۇقۇپ قالماي، ئۆزىمىزنى تەمكىن تۇتۇدىغانلىقىمىز راست. دېمەكچىمەنكى، مۇشۇ مىنۇتتا مەستۈرەنىڭ ھاياتىدىن ئاخىرقى ئۈمىدنى يەنىلا ئۈزمىدىم. ياسىنجان ئايالىنى B تېپتىكى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى بۆلۈمىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، رېتسېپقا ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلاردىن بىر مۇنچە يازدىم - دە، ئايالىنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ بولغاندا ئۇنى بۆلمەمگە چاقىردىم.

— ئاغىنە، ئايالىڭ مۇنۇ دورىلارنى يەپ تۇرسۇن، ئارام بېرىدۇ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئازادە تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— رەھمەت ئاداش، بىر ئەسقاتتىڭ جۇمۇ.

ئۇنىڭ چىرايىدا باشقىچە ئالامەت كۆرۈلمىدى. ئۇ ئايالىنىڭ مەن يېزىپ بەرگەن دورىلار بىلەن ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندەك قىلاتتى. مېنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتىممۇ دەل شۇ ئىدى.

— بۇ دورا پايدا قىلىدۇ، دېگەن قەرەلىدە يەپ بەرسۇن، — مەن ئادەتتىكى مەسلىھەت ئاھاڭىدا گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم، — «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار ئاداش، مېنىڭچە، ئايالىڭنى ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە ئاپىرىپ دەم ئالدۇرغاچ

داۋالىتىپ كەلسەڭ بولارمىكىن دېگەن ئويۇم بار، ئۆزۈڭمۇ تېخى مۇشۇ بازارنىڭ تېشىغا چىقىپ باقمىغان يېتىم......

ياسىنجاننىڭ چىرايىدا ئۇچۇق ھاۋادا بىردىنلا قارا بۇلۇتلار قۇتراپ، «شار» قىلىپلا يامغۇر يېغىپ يەنە بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەندەك ھال يۈز بەردى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ئاخىردا مېنىڭ مەسلىھەتىمنى چىن مەسلىھەت ھېسابلىغانىدى. ئۇ بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ گېپىڭمۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن. مەستۇرەمنىڭ ماشىنىدا ئولتۇرغۇچىلىكى يوق، قانداق قىلساق بولار.

— نېمانچە غەم يەيسەن، قول - ئىلكىگە يوقمۇ ئەمەس، ئايروپىلانغا ئولتۇرساڭ بىردەمدىلا ئۆزەڭنى ئۈرۈمچىدە كۆرىسەنغۇ.

ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ كۈلۈمسىرىدى:

— پۇل-پۇچەكنىڭ ئىشىغۇ بىر گەپ بولار، ئاڭلىسام، بېلەت ئالماق تەس دەيدىغۇ؟

— غەم قىلما، ئاغىنەڭنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ دەمسەن؟

ياسىنجان كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇ خاتىرجەم ھالدا بۆلمەمدىن ئۇزىغاندىن كېيىن، دەرھال تېلېفون ئېلىپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بېلەت ئىشىنى ھاۋالە قىلدىم. چۈنكى، بايام دېگەندەك، بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش بىلەنلا ئەنە ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولمايتتى. كېسەل خاراكتېرىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردا توقۇلما ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى. ......

ئەقىللىق كىتابخان ئېھتىمال: «سەن بىر دوختۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرخانىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرى تۇرساڭ، كىچىككىنە مېۋە - چېۋە دۇكىنىنىڭ بۇ كەمبۆز، سىنادا، جاھىل مىجەز خوجايىنى بىلەن قانداق تېپىشىپ قالغانسەن ۋە شۇنچە ئېچەكىشىپ كەتكەنسەن» دەپ سورىشى مۇمكىن. راست، كەسپىمىزنىڭ چەكلىمىسىدەك ئورتاقلىقى يوق، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا يۇرتداشمۇ ھېسابلانمايمىز. بىراق، تەقدىر شۇنچىلىك قاقباش ۋە تاسادىپىيلىقلارنىڭ ئانىسى ئىكەنكى، ئۇ بىرىنى بىرىدىن جۇدا قىلىپ، بىرىنى بىرىگە باغلايدىكەن. مەقسەتسىز ئۇچۇپ ئۆتكەن تەقدىر شاماللىرىدىن ئويلىمىغان نەتىجىلەر پەيدا بولىدىكەن. ياسىنجان بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزمۇ ئەنە شۇنداق تاسادىپىيلىقسەۋەبى بىلەن باشلانغانىدى.

مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، بۇ ناھىيىنىڭ دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە كەلگىنىمنىڭ تۇنجى يىلى ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى يېلىدىرلاپ، شامال ئۇرۇپ تۇرغان بىر كەچلىكى بازارغا گۆش سېتىۋالغىلى باردىم. ئۇ چاغدا تېخى بويتاق ئىدىم. چوڭ قازان تامىقىغا قاراشلىق بويتاق ئادەتتە تاماقلەززىتىدىن مەھرۇم قالىدىغان گەپ ئىكەن. شۇ كۈنلەردە پەقەت كىچىككىنە ئاليۇمىن قازان، كىرسىن ئوچىقى ۋە شوزپا سېلىش ھۈنىرىملا مېنى ئانچە - مۇنچە لەززەتتىن بەھرىمەن قىلىۋاتاتتى.

ھاۋا ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، شۇ كۈنى گۆشكە شېكەر چۈشۈپتۇ. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كانارغا ئېسىلغان بىرسان گۆشنىڭ يېنىدا پىچىقىنى بىلەپ تۇرغان ئورا كۆز، سېمىز بۇرۇت قاسساپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدىم. نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا خېرىددار ئاز ئىدى. ئۇ پىچىقىنى تاشلاپ، كىچىك پالتىسىنى ئالدى - دە، بىر پارچە بويۇن گۆشكە قولاقچىلىق لوق گۆشنى چاپلاپ جىڭغا سالدى. ئۇ گۆشنى كېزىت قەغىزىگە ئوراپ

ماڭا دەبدەبە بىلەن ئۇتقۇزغاندىن كېيىن، باھانى ئېيتتى - دە، پۇلنى پەشتاممىسنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، ماڭا قاراپ يېقىمسىز ھىجىيىپ قويدى.

— ئاداش توختاپ تۇرۇڭا؟

مەن قەدىمىمنى ئىتتىك توختىتىپ كەينىمگە قاراپلا كىچىككىنە دۇكانغا تولۇپ كەتكەن قۇرۇق يېمىش خالتىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان دىقماق، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىتنى كۆردۈم. ئۇ ماڭىمۇ سەپسالماي ئۇدۇل قاساپ يىگىتنىڭ ئالدىغا باردى - دە:

— ئاغىنە، پۇلنى دەپ ئىنسابىمىزنى يوقاتساق بولمايدۇ، — دېدى ئۇ قاساپقا قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆزى پەشتامىنىڭ يانچۇقىغا قادالدى. قاساپ لاسسىدە بوشاشتى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىر يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— خاپا بولماڭ، بىر كويىڭىزنى ئارتۇق ئېلىپ قويۇپتىمەن.

مەن بۇ سىرلىق ۋەقەگە ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن كۆزلىرىدىن جەزبىلىك ئوت چاقناپ تۇرىدىغان بۇ يىگىت بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىنلا ۋەقەنىڭ تېگىگە يەتتىم. ئەسلىدە مېنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىمنى سەزگەن قاساپ ماڭا غىچلا ئۇستىخان بەرگەنىنىڭ ئۇستىگە بازار باھاسىدىن بىر يۈەن ئارتۇق ئېلىۋالغانىكەن. دۇكاندا ئولتۇرۇپ ھەممىنى كۆزىتىپ چىققان ياسىنجان ئادەتتە ئۆزى بىلەن خېلى ياخشى ئۆتىدىغان قاساپنىڭ نائىنسابلىقىغا ئاچچىقى كېلىپتۇ - دە، سودىمىزغا ئارىلىشىپتۇ.

ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. راستىنى ئېيتسام بۇ يىگىت چىن ئىنسانىلىقىدىن ماڭا يېقىپ قالغانىدى. شۇڭا ئارتۇقچە تۇزۇت قىلىپ كەتمىدىم. دوستلۇقىمىز ئەنە شۇ كۈندىن باشلاندى. پەرەنجىلىك مەستۇرە بىلەنمۇ شۇ كۈنى تونۇشقانىدىم.

مانا ھازىر دورىنىڭ كۈچى بىلەن بىردەملىك ئارامغا ئېرىشكەن مەستۇرە كەينىمگە قويۇپ بېرىلگەن ئورۇندۇققا يۆلىنىپ، ئالدىمدا ئولتۇرىدۇ. ياسىنجان بولسا مەن بىلەن يانمۇيان. ئايروپىلان ئاپئاق بۇلۇتلارنى پەستە قالدۇرۇپ، رېتىملىق چىرقىراپ، 10 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كېتىپ بارىدۇ. مېنىڭ قانداق بولۇپ بۇ بەختسىزلەر بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلانغىنىم ھەققىدە كىتابخانلارنىڭ بىر نەرسە بىلگۈسى كېلەر. ئېيتقىنىمدەك، مەن ياسىنجاننىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك دوستى، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ مەندىن باشقا يۆلەنچۈكى يوق. ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق ئايالىنىڭ تەقدىرى مىكروسكوپ ئاستىغا چۈشىدىغان كىچىككىنە بىر پارچە توقۇلمىدا. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا بۇ بىچارە نېمە بولۇپ كېتەر، يېنىغا قارىسا ھەممىسى يات، ئاھ ئۇرسا ئاھىنى ئاڭلايدىغان، ئەقەللىسى ئىككى ئېغىز تەسەللىي بېرىدىغان ئادىمى يوق... دېسەڭ ئۆزۈڭنى ياسىنجاننىڭ دوستى ھېسابلامسەن، ئۇنداقتا دوستلۇقنى يەتكۈزىدىغان، دوستلۇق مېھرىڭ ئارقىلىق مۇزلىغان يۈرەكنى ئېرىتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، بۇ — ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى ئىدى. مۇشۇ بۇيرۇقنىڭ دەۋىتىدە كەسكىن قارارغا كەلدىم - دە، ئىنسانپەرۋەر ئىشداشلىرىمنىڭ دەۋىتى بىلەن دوستۇمغا ھەمدەم بولۇپ يولغا چىقتىم...

ئايروپىلان بۇلۇت تۈپىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان تەڭرىتاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتتى: قارىيىپ تۇر-

غان قارىغايزارلار، ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇلغان سەرەڭگە قاپلىرىدەك ئاق بىنالار ئاقۇش كاپرون ياغلىقتەك ئۈزۈپ يۈرگەن مانان ئاستىدا خېلى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۈگدەۋاتقانلار سەگەكلەشتى. ئۇخلاپ قالغانلار ئويغاندى. سەپەرنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە يېقىنلىشىپ قالغان يولۇچىلار: «ئەنە قارا، مانا قارا» دېيىشىپ سۈرەن سېلىشىپ، كۆزنەكلەرنىڭ سوغۇق ئەينىكىگە يۈزلىرىنى يېقىشتى.

دەل شۇ چاغدا مەستۈرەنىڭ ۋىجىك گەۋدىسىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. قانداقتۇر بىر چىگىش مەسىلىنىڭ بېشىغا چىقالمايۋاتقان ئىختىراچىدەك، يوغان بېشىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ياسىنجان بۇ ھالنى كۆرمىدى. ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم - دە، مەستۈرەنى يۆلەشكە تەرەددۇت قىلدىم. سۆزسىزكى، ئاڭلاش ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى تېخى تامامەن يوقاتمىغان مەستۈرەگە يولۇچىلارنىڭ خاھىشى تەسىر قىلغانىدى. ياق، يولۇچىلارنىڭ خاھىشى ئەمەس، ئىنساندا بولىدىغان يېڭىلىققا قىزىقىش، سىرتقى تەبىئەتنىڭ ماھىر قولى بىلەن يارىتىلغان گۈزەل مۆجىزىلەردىن لەززەتلىنىش تۇيغۇسى ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئۇنىڭ نېرۋىلىرىغا مىدىرلاش بۇيرۇقىنى بەرگەنىدى!

ھايات ئەنە شۇنداق گۈزەل، ھاياتتىن لەززەتلىنىش تۇيغۇسى ئەنە شۇنداق ئەركىن، ياشاش ئىستىكى ئەنە شۇنداق غالىب. پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ئانىسى بولغان تەبىئەتلا ئۆزى جان ئاتا قىلغان جانلىقلارنىڭ تاجىسى بولمىش ئادەمزاتقا ئەنە شۇنداق ئىمتىياز ۋە تۇيغۇ بەخش ئېتەلەيدۇ. ئۆزىدىن ھو-

زورلىنىش بۇيرۇقى بېرەلەيدۇ...

بارماقلىرىم مەستۈرەنىڭ مۈرىسىگە تېگىشى بىلەنلا كۈچلۈك بىر قول مۈرەمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۈزدىتىلدى - دە، ھېچ ھايالسىز قولۇمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇ ياسىنجاننىڭ قولى ئىدى. ئۇ كۆزلىرىمگە بىر چاغلاردا ھېلىقى قاساپنىڭ كۆزىگە قادالغان نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ، ئايالىنى پەم بىلەن يۆلەپ رۇجەك ئەينىكىگە يېقىنلاشتۇردى. ئۇ تەبىئەتتىن قۇربىنىڭ يېتىشىچە زوقلانماقتا ئىدى. ياق، ئۇنىڭ زوقلانغىنى تۇمانلىق دۇنيا ئىدى. پەرەنجىنىڭ ھەر بىر تال يىپى ئۇنىڭ كۆزىگە قەپەز ئىچىدىكى قۇشنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن شادىلاردەك، تۈرمىدىكى مەھبۇسنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدىغان پولات رېشاتكىلاردەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى بىلەن رەڭدار دۇنيانى ئايرىپ تاشلاپ، بارچە گۈزەللىكنى خۇنۇكلەشتۈرەتتى.

جىمى مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئادەم ئەڭ مۇكەممەل يارىتىلغان مەخلۇق. ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسى شۇنداق مۇھىم فۇنكتسىيەنى زىممىسىگە ئالغانكى، خۇدا ھېچقايسىسىدىن ئايرىمىسۇن. قولىدىن، ئاياغتىن، تىلىدىن، قۇلاقتىن مەھرۇم قىلسىمۇ مەيلى، ئەمما كۆزدىن مەھرۇم قىلمىسۇن. ئىنسان ۋۇجۇدى بىلەن دۇنيانى تۇتاشتۇرىدىغان رۇجەكتىن، تۇيغۇ بىلەن تەبىئەتنى باغلايدىغان رىشتىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن!

ئېسىمگە كەلدى، بىر چاغلاردا زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، ياسىنجاننى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدىم. تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانمۇ، ياكى بىر تاسادىپىيلىقمۇ، ئىشىكتىن كىرىپلا ياسىنجاننى ئەمەس، بەلكى پەرەنجە بىلەن پۈركۈنۈپ، پەرەنجە ئىچىدە قوللىرىنى مىدىرلىتىپ ئولتۇرغان مەستۈرەنى كۆردۈم...

بوسۇغا ئىچىگە تاشلانغان قەدىمىمنى تارتىۋېلىشنى ياكى ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ قويۇشنى بىلمەي بىر سېكۇنتقا مەڭدەپ قالدىم.

— ھوي، ئەبەيقەر دوختۇرغۇ بۇ، كېلىڭ، تۆرگە ئۆتۈڭ، — دېدى پەرەنجىلىك گەۋدە لىككىدە قوزغىلىپ، — ياسىنجان بولمىسا، مانا مەن بار، يار لېۋىگە بېرىپ قالغاندىكىلا توختىۋالدىڭىزغۇ!

«يا پىردەم» دېدىم ئىچىمدە كاردىۋاتنىڭ قىرىغا ئاۋايلاپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — بۇ چوكان سۆزلىيەلەيدىكەندە تېخى، چاقچاقچىدەك تۇرامدۇ نېمە؟

ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق ۋە زىل ئىدىكى، كىشىگە رويالنىڭ زىل كونۇپكىلىرى ياكى ئىسكىرىپكىنىڭ بىرىنچى سىمى بىلەن ئورۇندالغان نەپىس مۇزىكىدەك ھوزۇر بېغىشلايتتى. مەستۈرەنىڭ چىرايىنى بىرقېتىممۇ كۆرمىگەن بولسامۇ، شۇ چاغدا مەن يەنە بىر قېتىم ئۇنى جەزمەن چىرايلىق بولسا كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدىم. چۈنكى يارىتىلىشىدا، خۇدانىڭ چىراي تەقسىماتىدا بېخىللىق قىلىنىۋاتقان كۆنلىرىدىگە تۇغرا كېلىپ قالغان ئايال جىنسىلىقلارنىڭ ئاۋازىدا بۇنداق يېقىملىقلىق، جەلپكارلىق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەستۈرە چاي كەلتۈردى. چاي ئۇتلاۋېتىپ، كاردىۋات ئۈستىدە تۇرغان كەشتىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى -دە، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— كەشتىنى ئەجەپ چىرايلىق ئىشلەيدىكەنسىز، بۇ شاپتۇل چېچىكى بەكمۇ ئەينەن چىقىپتۇ.

— ياخشى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئەمما شاپتۇل چېچىكىنىلا خېلى ئوبدان كەشتىلىيەلەيمەن.

— شاپتۇل چېچىكىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە، شاپتۇل چېچەكلىگەن پەسىلدە تۇغۇلغانىكەنمىشمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شاپتۇل چېچىكىنى ياخشى كۆرسەم كېرەك.

دېمىسىمۇ، تۆت تامنىڭ ھەربىرىدىگە بىردىن شاپتۇل چېچىكى كەشتە ئېلىنغان رامكا ئېسىلغانىدى. شاپتۇل چېچەكلىگە مەھلىيا بولۇپ كەتتىممۇ ياكى ياسىنجاننى كېلىپ قالار دېدىممۇ، ئىشقىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقتىن زېرىكىپ، يەنە سورىدىم:

— مۇشۇ كۈنلەردە يەنە نېمىشقا يۈزىڭىزنى يۆگەپ يۈرىسىز؟

ئاخىرقى بوغۇم ئاغزىمدىن چىقىپ بولمايلا يۈزۈم بىردىنلا قىزىشىپ كەتتى، بۇ سوراشقا تېگىشلىك سوئال ئەمەسلىكىنى بىراقلا ھېس قىلدىم. مارىلاۋاتقان بىركىم سۆزۈمنى تىڭشاپ خاتىرىگە يېزىۋاتقاندەك، فوتو ئاپپاراتىنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەندەك ئالاق- جالاق بولۇپ ئەتراپىمغا قاراپ چىقتىم. لېكىن مەستۈرە ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك جاۋاب بەردى:

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس، ياسىنجان شۇنداق قىلىشىمنى خالايدۇ. بولمىسا ئېغىر پەرەنجىنى سۆرەپ يۈرۈشنى كىم خالايدۇ دەيسىز؟

— ئەمىسە ئۇنى تاشلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ، ياسىنجانمۇ بەلكىم سىزدىن رەنجىپ يۈرمەس.

— ياق، رەنجىيدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دەيسىزا، — دېدى ئۇ ئەجەپلەنگەن ھالدا، — ئۇ ماڭا بەكمۇ ئامراق، ئېرى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلمىسام بولامدۇ؟

جىمىپ قالغىنىمنى سەزگەن مەستۈرە مېنى رەنجىپ قالدى دەپ ئويلىدىمۇ، ئۆزىچە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاتا-ئانام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمدىن كېيىنلا مېنى مەكتەپتىن چىقىرۋېلىپ، يۈزۈمنى يېپىشنى بۇيرۇغان. دەسلەپتە ماڭا بۇ غەلىتە تۇيۇلدى، پەرەنجە بىلەن ساۋاقداشلىرىمغا كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولۇپ، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدىم. كېيىنچە بارا-بارا كۆنۈپ كەتتىم. بەزىدە بېشىمغا پەرەنجە تاشلاپ قويغان مەرھۇم ئاتا-ئانامدىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن. بولمىسا مۇشۇنداق ئوبدان ئەر ماڭا نېسىپ بولارمىدى؟ ياسىنجان ۋە خەلچىخان ئانام پاكىز قىز ئىكەن دەپلا ماڭا ئەلچى قويغان.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، — بۇغۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن، ئەمما، ياغلىقنىڭ ئىچىدىن قارىسىڭىز، بىر نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلەمسىز؟

— كۆرەلەيمەن، بىراق، كۆرگىنىمنىڭ ھەممىسى تۇمانلىق دۇنيا. دۇنيا كۈنبويى گۇگۇمدەك تۇيۇلىدۇ...

مەستۈرەنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنى شەكسىزكى تۇمانلىق دۇنيا ئىدى. نەزەرىدە پۈتكۈل دۇنيا گۇگۇم قوينىدا، تەبىئەت ئېتىكىدە زاۋال ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىگىلا مەستۈرەنى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ياردىمىدە كېسەلخانىغا ئالدۇردۇق. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەسئۇل دوختۇر مېنى بۆلۈمىسىگە چاقىرىۋالدى-دە، دىئاگنوز قەغىزىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ پەقەت دوختۇرلاردىلا بولىدىغان، دوختۇرلارلا ھېس قىلالايدىغان چىراي ئىپادىسى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ئالقانچىلىك قەغەزگە مۇنداقچىلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. قىزدۇرۇلغان بىرپارچە مېتال-دەك قولۇمنى كۆيدۈرۈۋاتقان بۇ قەغەز بەئەينى ئۆلۈم خېتى ئىدى. ھەر بىر خەت ئارىسىدا ۋەھىمىلىك ئۆتكۈر چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، قانلىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغان بىرمەخلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ مەخلۇقنىڭ تۆمۈر تىرنىقى بەختسىز مەستۈرەنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، قان تومۇرلىرىدىكى ئاخىرقى بىرتامچە قاننى سۈمۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر قانداق كۈچمۇ، پەممۇ تەڭ كېلەلمەيتتى.

باش دوختۇر بىمارنى دەرھال قايتۇرۇپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى. ئوپېراتسىيە قىلىپ، ھەرمەنۇتتا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان پاجىئەنى بىرقانچە كۈن، ھېچبولمىغاندا بىر قانچە سائەت بولسىمۇ كېچىكتۈرۈش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىمىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يوققا چىقتى. ئەمدى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئەھۋالنى ياسىنجان ئالدىدا ئاشكارا قىلماي بولمايتتى.

ئويلاۋېرىپ كالامنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دېدى، شۇم خەۋەرنىڭ ياسىنجانغا بولغان زەربە كۈچىنى ئاجىزلىتىشنىڭ چارىسىنى تاپالمىدىم. ساقايماس كېسەل بەردىبىر ئۆلۈمدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆلۈمنىڭ ئۆزى ئىراددىن تاشقىرى بولغان شۇم خەۋەر ۋە دەھشەتلىك زەربە ئىدى.

ئۇچى يوق يىپتەك چىگىشلىشىپ كەتكەن خىيال قوينىدىن پەقەت دوختۇرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەنلا ئۆزەمنى تارتتىم. دوختۇرنىڭ ھوزۇرىدىن چىقىپ ياسىنجاننى بىر خالى يەرگە باشلاپ كەلدىم-دە، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئەھۋالنى بايان قىلدىم.

كېچە-كېچىلەپ كۆز يۇمماي، ئېتىمغۇدەك بىر نەرسە يېمەي، ئايالىدىنمۇ بەكرەك ياداپ كەتكەن ياسىنجان ئاغزىمغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. كۆز قارىچۇقىمۇ، كىرپىكلىرىمۇ ھەرد-

كەتتىن توختىدى. تىنىقىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئاداش... ئاداش، ئۆزەڭنى بېسىۋال...

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم قېپەدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۈششۈك تەگكەن يوپۇرماقتەك ساغىرىپ، تەپسىلا يىقىلىدىغان كونا تامدەك ئاجىزلاشقان تېنى ۋە زىيادە چىڭىتىلغان تاردەك تارتىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى تۇيۇقسىز تۈگىشىشى مۇمكىن ئىدى. تىببىي ئىلىمدە بۇنداق ئالامەتلەر خەتەرلىك ئەھۋال قاتارىغا كىرەتتى. مەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويۇپ، ئۇنى سەگەكلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم.

ياسىنجان يامان چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، ئېسىگە كەلدى. بايامقى سۆزلىرىدىم قۇلىقىغا كىرمىگەندەك، ياكى ئەستەساقلىغۇچى مېڭە ھۈجەيرىلىرى بۇنداق سۆزلەرنى خاتىرىگە ئېلىشتىن باش تارتقاندەك، مەندىن يېنىشلاپ سورىدى:

— ئاداش، بايام بىر نېمە دېگەندەك قىلىۋېدىڭ...

ئالدى بىلەن ئۆزەمنى توختىتىۋېلىپ: «ھەممىمىزنىڭ تەقدىرى خۇدانىڭ ئىلكىدە، ھەممىمىز ئاخىرى بىر كۈن ئۇنىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىرقانچە ئېغىز تەسەللىي بەرگەندىن كېيىن، بايامقى سۆزۈمنى ئىخچاملا تەكرارلىدىم. ئۇ دەسلەپتە بەزگەكتەك تىترىدى. ئاستا - ئاستا كۆپىيىشكە باشلىغان ياش تولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى تولدۇردى. ئارقىدىنلا مەھكەم تۈگۈلگەن مۇشتى بىلەن يوتىسىغا بىرنى ئۇردى - دە، ئۆپكىدەشكە باشلىدى.

— ياق، ئۇلار خاتا سۆزلەۋاتىدۇ، سەنمۇ ئۇلارغا بولۇشۇپ خاتا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىسەن، مەستۇرەم ساقىيىدۇ، خۇدا شىپالىق بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈشى مۇمكىن ئەمەس...

مەن ئۈنچىقمىدىم. ئۇنىڭغا ھازىر ھەرقانداق گەپ ئارتۇقچە ئىدى.

ئۇ تۇيۇقسىز بوينۇمغا ئېسىلدى. مەيدەمگە بېشىنى قويۇپ تىترەك ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئاداش، دوختۇرلارغا يالۋۇرايلى، ئۇلار مەستۇرەمنىڭ كېسىلىگە ئامال قىلسۇن، ئۇنى ساقايتىپ ئاندىن ئېلىپ كېتەيلى، بولامدۇ! ئۇ مېنى ھەدەپ سىلكىيتتى، مەندىن جاۋاب تەلەپ قىلاتتى. مەن پەقەت ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، باش لىڭشىتىشقا مەجبۇر ئىدىم.

چۈشتىن كېيىن باھار ئىللىقلىقىغا چۆمگەن بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنى ئاجايىپ سۈزۈلۈپ كەتتى. دوختۇرخانا ھويلىسىدىكى شاپتۇل دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن قىزغۇچ چېچەكلەر تىنىق ئاسمان ئاستىدا خۇددى كۆك قەغەزگە سىزىلغاندەك جۇلالىناتتى. تەكشى قىرقىلغان قارىياغاچ كۆچەتلىرىمۇ كۆكىرىپ قالغان. قىش بويى پارنىكلاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن تەشتەك گۈللىرى قارىياغاچ قورشاۋىدىكى ئېتىزدا باھار ئاپتىپى بىلەن سۆيۈشمەكتە ئىدى.

بولغۇسى ماتەمنىڭ قايغۇسىدا پاراكەندە بولۇۋاتقان كۆڭلۈم بۇ مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى خالىمىدىمۇ، چېكىۋاتقان تاماكامنى زەردە بىلەن ئېزىپ ئاياغ ئاستىمغا تاشلىدىم - دە، كېسەلخانىغا كىردىم.

ئاھ، مۆجىزە! كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. نەچچە كۈندىن بېرى بىردەم ھوشىدىن كېتىپ، بىردەم ھوشىغا كېلىپ ياتقان مەستۇرە ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئېرىدگە پەچىرلاۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى. چىرايىدا چۈشتىن بۇرۇنقى قايغۇدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان ياسىنجان ئايالىنى دورا ئىچىشكە دەۋەت قىلماقتىدى. تاشقىرىدىكى باھار مەنزىرىسى ئۇنىڭ چىرايىغا كۆچكەندەك ئىدى!

بىراق، بۇ مۆجىزىنىڭ سىرى ماڭا ئايان. بۇ مېيى تۈگىگەن چىراغنىڭ ئاخىرقى قېتىم–لىق كۈچلۈك چاقنىشى بىلەن ئوخشاش ئالا–مەت ئىدى. بۇ جانلىنىش تومۇز كۈنلىرىدىكى قۇملۇقتا پەيدا بولغان ئۈركەشلىك دەريالارغا، خىيالىي مەنزىرىلەرگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ شېرىن سۆھبىتىگە ھالاقىت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن جىمجىتلىقنى ساقلاۋاتقان چېغىمدا كاللامغا تۇيۇقسىز بىر ئوي كىرىپ كەلدى. ھەممىنى ئۇنتۇپ ياسىنجاننىڭ يېنىغا كەل–دىم ۋە ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ پىچىرلىدىم:

– خۇداغا شۈكرى، ئايالىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلىدىغۇ؟

– بايام مەن دېمىدىمۇ، دوختۇر يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، خۇدا ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىدۇ دەپ، گېپىم توغرىمىكەن؟–دېدى ئۇ ھاياجان–لىنىپ تۇرۇپ. ئارقىدىنلا ئويۇمنى ئېيتتىم:

– چاقلىق كارىۋاتتىن بىرنى تېپىپ كېلەي، ئايالىڭنى تالاغا ئېچىقىپ بېرەي ئايلاندۇ–رۇپ كېلەيلى، كۆڭلى ئېچىلىپ، ئاغرىقى چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

– دۇرۇس گەپ قىلدىڭ ئاداش، سەنزە، – ئۇ نېمىنىدۇ ئويلاپ توختاپ قالدى ۋە مەن–دىن سورىدى:

–دوختۇر رۇخسەت قىلارمۇ بۇنىڭغا؟

– رۇخسەت قىلمايچۇ، مانا مەن بېرىپ رۇخسەت سوراي.

ئەگەر مېنى ھېيلىگەرلىك قىلغان دېيىلسە، ئۆمرۈمدىكى تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىمقى ھېيلىگەرلىكىم مۇشۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دوستىمغا يالغان گەپ قىلدى دېيىلسىمۇ مۇشۇ قېتىمقىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەستۇرەنى چاقلىق كارىۋاتقا ياتقۇزدۇق. ئاسما ئوكول بوتۇلكىسىنى مەن كۆتۈردۈم. كارىۋاتنى يەنىلا ياسىنجان ئىتتەردى. ھويلىغا چىقتۇق.

مەستۇرە تەبىئەتكە قاراپ چوڭ–چوڭ نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. دىمىقىغا ئۇرۇلغان باھار ھىدى، بىر–بىرىنى قوغلىشىپ شوخلۇق قىلى–ۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئويغىتىپ، ھاياجىنىنى قوزغى–ماقتا. تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ قەدرى ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى تۇمانلىق دۇنيا، گىرىمسەن باھار ۋە كۆكۈمدىكى گۈل ئىدى. ئەگەر ئۇ ۋا–يىغا يېتىپ ئېچىلغان شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ، بۇ قەدىرلىك دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغلىرىنى يادىغا ئالسا، ئاشۇ چې–چەكلەر بىلەن ۋىدالىشىپ، يېشىل ياپراقلار–نى، كۆك ئاسماننى ۋە كەڭ تەبىئەتنى ئاخىر–قى قېتىم ئۆز رەڭگى بىلەن كۆرۈۋالسا، باھار قۇياشى ئۇنىڭ لەۋلىرىنى، ئۇنىڭ لەۋلىرى باھار قۇياشىنى سۆيۈۋالسا قانداق ئۇلۇغ ئىش بولار ئىدى – ھە!.

ۋۇجۇدۇم بارغانسېرى لەرزىگە كېلىشكە، يۈرىكىم چوڭقىيىشقا باشلىدى. ئاخىرقى بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئويى بىلەن ياسىن–جانغا يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا دېدىم:

– ئاداش، ئايالىڭنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېلىۋەتكىنە، ئۇ ئەتراپنى ئوبدانراق كۆرسۇن!

ياسىنجان ئالدىدا جاۋابەن كۈلۈمسىرەپلا قويدى، ئارقىدىنلا كۆزلىرىدىكى كۈلۈمسىرەش ئورنىنى ھەيرانلىق، ئېتىراز ئىگىلىدى.

– بىر مىنۇتقا بولسىمۇ!

بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىجا بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم ياسىنجان يا كۈلۈمسىرىمىدى، يا ئالايمىدى. پەقەت ئۆتكۈر سەزگۈلىرىم بىلەن چۈمپەردە ئاستىدا ياتقان مەستۇرەنىڭ سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك تولغىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ئېچىنىشلىق ئۇھ تارتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇ نېمىدۇر دېگەندەك قىلىۋېدى، ياسىنجان

قولىقىنى ئايالىنىڭ ئاغزىغا چاپلىدى ۋە شۇ هامان چاقىلىق كاردىۋاتنى كېسەلخانا تەرەپكە بۇرىدى . . .

مېنىڭ خاھىشىم، ياق، ئۆلۈۋاتقان مەستۇرەنىڭ خاھىشى ئوق تەگكەن كەپتەردەك، ئۈمىد ئاسمىنىدىن يىقىلدى. كۆكلەم شامىلىنىڭ ئەركىلىتىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەرىنكلەر ئاسمىنىدىن هايات يۇلتۇزى سىرغىپ كېتىۋاتقان مەستۇرەنىڭ بىر نەزەر تاشلىۋېلىشى ئۈچۈن ئېچىلغان شاپتۇل چېچەكلىرى ئۆز ئامرىقىنىڭ كۆز نۇرىنى توسىۋالغان لەنىتى پەردىلەرگە نەپرەتلەر ئوقۇپ يىغلاپ قېلىشتى. ئادىمىزاتقا مەنىۋى لەززەت بېغىشلاش بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان گۈللەر گۇناھكارانە قىياپەتتە بويۇنلىرىنى قىسىشتى.

ئىنسان ئارىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئۆز جۈپتىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىشتىن مەھرۇم بولغان قۇياش تىرىك چۈمپەردىدىن كۆڭۈلسىزلىنىپ، ئۆزىنى بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇردى...

ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس، تەبىئەت هادىسىلىرىنىڭ تىزگىنى تەقدىرنىڭ قولىدا بولۇپ قالغانلىقى. مەن تەقدىردىن كۈچلۈك شامال ئەۋەتىشىنى تىلەپ باقتىم، بەلكى دۇنيانىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن شامال لەھەت يېنىغا بېرىپ قالغان مەزلۇمەنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەر ۋە ئۇنىڭ چۈمپەردىسىنى قايرىۋېتىپ، بىر نەزەرگە پۇرسەت بېرەر، دېدىم.

مەن بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسىدىن چاقماق ئەۋەتىشكە ئاۋازسىز ئىلتىجا قىلدىم. كۆكتىن ئۇچۇپ چۈشكەن چاقماق مەستۇرەنىڭ چۈمپەردىسىنى كۆيدۈرسە، كۆز ئالدىنى ئۇ مەھرۇم بولۇۋاتقان جىمى كۈندۈزنىڭ پۈتكۈل يورۇقلۇقى بىلەن يورۇتۇۋەتسە...

ئەپسۇس! تىلىكىم ئىجاۋەتسىز قالدى. مەستۇرەنىڭ كۆز قارىچۇقىدا قېتىپ قالىدىغىنى يەنە شۇ تۇمانلىق دۇنيا بولۇپ قالامدۇ ئەمدى!...

مىنۇتلار ناهايىتى ئاستا ئۆتمەكتە، بىمارنىڭ ئېغىر دەملىرىدىن ئېچىم سىقىلماقتا.


دوختۇرلۇق هاياتىمدا نۇرغۇن بىمارلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا قازا تاپقان. هەتتا نۇرغۇنلىرىنىڭ ئېڭىكىنى ئۆز قولۇم بىلەن قاتقانىدىم. ئۇ چاغدا «قازاغا رىزا» دېگەندەك، ئانچە پۇچۇلۇپ كەتمىگەنىكەنمەن. بىراق، مەستۇرەنىڭ سەكراتى ئۇستىمدە تۇرۇش ماڭا تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بوغۇلۇپ- بوغۇلۇپ نەپەس ئېلىشلىرى، تۇيۇقسىز چۆچۈشلىرى، كۆز ئالدىمنى قاراڭغۇلاشتۇراتتى. ياسىنجاننىڭ توختىماي دۇرۇت ئوقۇپ تۇرۇپ بوراندەك ياش تۆكۈشلىرى مېنى قورقۇنچقا سالاتتى...

ئەتىسى تاڭ ئاتارغا يېقىن مەستۇرە نەپەستىن قالدى، ئۇنىڭ ئەمدىلا ئوت تۇتاشقان هايات شامىنى ئەجەل بورىنى كېلىپ ئۆچۈردى. ئۇ تۇمانلىق دۇنيا بىلەن مانا مۇشۇنداق خوشلاشتى. ئەگەر ياسىنجان ئۇنىڭ ئېڭىكىنى قاتقاندا نەق مەيداندا تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر قاردۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلالىغان بولسام، شۈبھىسىزكى، ئوچۇق كەتكەن كۆزىدە يورۇق دۇنيانى قانغۇدەك بىر كۆرۈۋالالمىغىنىغا ئارمان ۋە ئەمدى ياتىدىغان جايىنىڭ ئۆزى كۆرگەن دۇنيادىن ئانچە پەرق قىلمايدىغانلىقى تۈپەيلى پەيدا بولغان خاتىرجەملىك ئالامەتلىرىنى كۆرگەن بولاتتىم.

ياسىنجان ئايالىنىڭ جەسىتىنى ئاتا-بوۋىلىرى ياتقان قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىشتا چىڭ تۇرغىنى ئۈچۈن، هاۋا تەڭشىگۈچىسى بار بىر بولكىۋاينى بىر مۇنچە پۇلغا ئۇۋۇقۇشۇپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم. لېكىن مەن بۇ قېتىم ئاغىنەمدىن قاتتىق رەنجىدىم. ئارمان بىلەن جان ئۈزگەن مەستۇرە بەلكى رەھىمسىز ئېرى بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى ئۆزى ياتقان گۆرگە بىللە ئېلىپ كەتكەندۇ...

1987 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت




# نۇرلىنىدۇ بۇ دۇنيا مۇھەببەتلىك ئادەمدىن

**ئابلەت ئابدۇللا**

رەنجىمەڭلار دۇنيادىن،
رەنجىگەنلەر بىردەڭلار،
ئۇ دۇنيادا جەننەت بار،
ئۇ دۇنيادا يوق رەنجىش.
چىدىغانلار ياشاڭلار،
ئاقسۇن ھالال تەرىڭلار،
بۇ دۇنيانىڭ قىزىقى —
ئۈمىد بىلەن ئىنتىلىش.
تەڭپۇڭلۇقتا يارالغان
تا ئەزەلدىن بۇ ئالەم
ھەتتا تەڭپۇڭ، نىسبىدۇر
راھەت بىلەن جاپاسى.
توختام سۇلار كۆلچەكتە
تۇرۇپ قالغان مىسالى
تۇرۇپ قالار ئىنساندا
گاھى ھەسرەت - بالاسى.
بۇ دۇنيانىڭ سېھرى بار
تۈگۈنۈكىگىنىڭ ئۈستىدە
ئۆيگە كىرسە ئاي كۈلۈپ،
بار كېيىندە غەۋغاسى.
نام-ئاتىقى بارلارنىڭ
دەردى يوق دەپ كىم ئېيتار،
بار ئۇلارنىڭ تېخى كۆپ،
بۇ دۇنياغا دەۋاسى...

نام - ئاتاق دەپ بەزىلەر
چاچلىرىنى ئاقارتتى،
بەزىلىرى مەنسەپ دەپ
چىرايىنى سارغايتتى.
بۇ دۇنيانىڭ سىرىنى
چۈشەنمىگەن نادانلار،
بۇ ئالەمدىن قول ئۈزۈپ،
ئۆز جېنىغا ئوق ئاتتى!...
مۇھەببەتنىڭ دەردىدىن
دەريا - ھاڭغا ئاتقانلار،
بۇ دۇنيانى ئوخشىتار
زەھەر سالغان تاماققا...
لېكىن گۈزەل تەبىئەت،
تۇغۇلغان يەر، ئادەملەر،
ئوخشىمامدۇ ئېيتىڭلار،
مۇھەببەتلىك بۇلاققا.
ئادەملەردىن ئادەملەر
رەنجىشىدۇ بۇ تەھقىق،
لېكىن ئاشۇ رەنجىشنىڭ
بار يەنە ئۆز قىزىقى.
شۇڭا ھايات لەززەتلىك،
زىددىيەتلىك، خىسلەتلىك،
ھېچ كىشىنىڭ قولىدا
يوق تەقدىرنىڭ يېزىقى.

رەنجىسەڭلار ئادەمدىن،
رەنجىمەڭلار ئالەمدىن،
ئەجەب گۈزەل يارالغان
خاسىيەتلىك! بۇ دۇنيا.
قۇياش ـ رەسسام ئالدىدا
بارچە رەسسام بىر سەبىي،
تەپەككۇرغا بىھاجەت
ئىنساندىكى رەڭ - زىيا.
گۈزەل دەيمىز دۇنيانى ـ
ئېيتىڭ، نېچۈن ئۇ گۈزەل؟
گۈزەللىكنى سەزگەن ئۇ
ئىنساننىڭ ئۆز سەزگۈسى.
دۇنيا ئۆزى بىر تەرەپ،
ئىنسان ئۆزى بىر تەرەپ
يۇغۇرۇلغان ئىنسانغا
دۇنيانىڭ بار بەلگىسى.

ئىنسان ئۆزىنى بىلمىسە
بىلەلمەيدۇ ئالەمنى،
كۆرۈڭ رەنجىپ ئالەمدىن
ئۆتۈپ كەتتى قانچە خان!
ئادەملەرنىڭ قەلبىدە
ئالەم ياسار ئۇلۇغ زات،
ۋاقىت دېگەن ئۆزگەرمەس،
بۇ دۇنياغا ساھىبخان!...
بۇ دۇنيانىڭ سىرىنى
بىلەلمەيدۇ ھېچ ئىنسان
سىرلىرىنى بىلگىچە
ئۆتۈپ كېتەر ئالەمدىن.
نېمە تەرسەڭ دۇنياغا
پەقەت شۇنى ئالارسەن،
نۇرلىنىدۇ بۇ دۇنيا،
مۇھەببەتلىك ئادەمدىن!...

# ئىككى شېئىر

ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن

## قۇتلۇق تۈنەك

تۈنەپ چىقتۇق بۇ كېچە پۈتۈن،
كۆڭۈلدىكى دوستلار جەم بولۇپ.
ئىچىلدى سىر ئاچقۇچى بىلەن،
دىلدىكى نى ئىلاھى قۇلۇپ.

تۈنەپ چىقتۇق بۇ كېچە پۈتۈن،
چوقۇنمىدۇق غايىبقا ئەمما.
ئاي تۈگىنۈكتىن كەتمىدى ئەگىپ،
تىڭشاپ بىزدىن يېڭى مۇئەممما.

تۈنەپ چىقتۇق بۇ كېچە پۈتۈن،
راسلىمىدۇق دېمىدە سۆيى.
مەي كەيپىگە جور بولدى قالتىس،
بەزمىمىزنىڭ خۇشناۋا كۈيى.

تۈنەپ چىقتۇق بۇ كېچە پۈتۈن،
ئوقۇمىدۇق تاش ساناپ ھۆكمەت.
مىنىپ بەھەس تۇلپارلىرىغا،
غايىبلىققا چاپلىدۇق پېچەت.

تۈنەپ چىقتۇق بۇ كېچە پۈتۈن،
دۇئا قىلىپ تەرەققىياتقا.
ئۈزۈپ شۈكرى بوغۇچلىرىنى،
لەنەت ئېيتتۇق جۇشكۇن ھاياتقا.

تۈنەپ چىقتۇق بۇ كېچە پۈتۈن،
«ھۇم - ھۇم» ئېيتىپ سالمىدۇق سامال.
ئۇندەپ تۇردى تانسا، ئۇسسۇلغا،
ئۇنىمالغۇدىن ياڭراپ شوخ ناۋا.

تونەپ چىقتۇق بۇ كېچە پۈتۈن،
كۆڭۈللەردە ئويغاق، شوخ تۇيغۇ.
ئۇخلىتالماي بىزنى پەقەتلا،
يېنىمىزدا ئۇخلىدى ئۇيقۇ.

تونەپ چىقتۇق بۇ كېچە پۈتۈن،
شېردىن سېزدىم قۇچتى يۈرەكنى.
يازدىم تارىخ بېتىگە مانا،
قۇتلۇقلاپ بۇ يېڭى تونەكنى.

### پەرۋانە

كۆرسە تونىدە كىچىككىنە نۇر،
ئۆلەر ئىكەن ئۇرۇلۇپ ئۆزى.
نۇرئاشىقى بولسا ئۇ ئەگەر،
نەگە مۆكۈپ ئالغان كۈندۈزى؟

## بىر ئايالنىڭ دۇئاسى

ئابدۇللا سۇلايمان

ئۇچراتتىم شۇ ئايالنى مازاردا مەن،
يۈكۈنۈپ دۇئا قىلغان ھالىتىدە.
ئۇلۇغلار ئەرۋاھىدىن تىلەپ مەدەت،
تولغىنىپ ياشلار تۆككەن سائىتىدە.
قەلبىدە ئاقارماس داغ-كىر تۇرۇۋقلۇق،
ئىچىدە كىرنىڭ چىگىش سىر تۇرۇۋقلۇق،
ئېرىشەر نېمىگە بۇ تائىتىدە؟!

بىلەتتىم كۆپتىن بېرى بۇ ئايالنىڭ،
يەتتە رەت ئەردىن چىقىپ يۈرگىنىنى.
بەش سەبى پەرزەنتىنى يېتىم قىلىپ،
سەرسانلىق ھاياتىنى سۈرگىنىنى.
ئاق دىلغا تۆھمەت - يالا يېپىشتۇرۇپ،
گەپ توشۇپ بىرنى-بىرگە چېقىشتۇرۇپ،
ئاردىن نەپ ئېلىپ يەپ كۈلگىنىنى.

چىققىنچە ئەڭ ئاخىرقى ئېرىدىن ئۇ،
ئادەتكە ئايلانغانتى جېدەل - ماجرا.
ئۇنى «زور ئىنقىلاب» نىڭ ئاخىرىدا
تۈرمىگە سولاتقانتى چايلاپ يالا.

قەسەمخور بۇ ئايال بەك نايناق ئىدى،
گەپ - سۆزى سىلىق، تىلى قايماق ئىدى،
ھىيلە ۋە نەيرەڭ تولغان كۆڭلى قارا.

بەلكى ئۇ دۇئا - تائەت قىلىپ بۈگۈن،
مەغپىرەت تىلىگەندۇ گۇناھىغا.
ۋە ياكى ئالماقچىدۇ غەيرەت - مەدەت،
كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەت - مۇددىئايىغا.
كىم بىلەر، ئانىلىق قەرز تۇتسا ئۇنى،
بەش يېتىم ئاھى كېلىپ بوغسا ئۇنى،
كېتىشىنى ئۇدۇل ئاللاھ دەرگاھىغا.

ئويلىسا كېرەك بىرلا دۇئا بىلەن،
بولماقنى گۇناھتىن ئۇ ئادا - جۇدا.
ياق!
يۇرتىنىڭ كۆزىروشەن، دىلىئويغاق،
ھاماقەت، نادان ئەمەس قاددىرخۇدا.
ئۇ نەچچە يىللىق كىرى- ئىللىتىنى،
يۇغ-ۇسى ئىشقا سېلىپ ھەممىتىنى،
ئادەملىك بۇرچىنى گەر قىلسا ئادا!

## ئىككى شېئىر

تۇراپ دائىم

### بوۋامنىڭ ھېكايىسى

كېتىۋېتىپ ھەيۋەت قوشۇندا،
ئوق تېگىپ يىقىلدىم.
كۆۋرۈك بولدۇم ئارقامدىكىلەرگە...

### قەبرە

ئوغۇزخان بوۋامنىڭ
يوق ئىكەن قەبرىسى؛
يوقمىكىن شاھلارنىڭ شاھىغا
لايىق جاي پانىي ئالەمدە؟
ئىزدىدىم،
ئازدىم،
تاپتىم ئاخىرى،
بار ئىكەن «ئوغۇزنامە!»

# شېئىرلار

غەيرەتجان غوپۇر (ئوقۇغۇچى)

### تارىم دەرياسى بويىدا . . .

ئۇيۇقتا چاچرىتىپ ئۈنچە،
قۇياشنى قوغلاپ،
يۈگەنسىز تۇلپاردەك
كېتىۋاتىدۇ تارىم،
دولقۇن ناخشىسىنى توۋلاپ.
ئاھ! يېتىشىۋالسا ئەگەر،
چىرمىشىپ كېتەرمۇ
بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ.
ئولتۇردۇم ساھىلدا،
خىياللىرىم مىنگىشىپ دولقۇنلارغا،
شۇلارنى ئويلاپ.

### تۈگىمەس ناخشا

شائىر تاغا
يازغانتىڭ قانداق
«تۈگىمەس ناخشا»نى،
ئەجەپ ناخشىكەن ئۆلمەيدىغان،
تۈگىمەيدىغان.
سىڭىپ كېتىپتۇ
تىرىكلىك ئالىمىگە،
ناخشىسىدەك دولقۇن-بورانىنىڭ.

### ئىزدە، ئەي دادا! مەندىن

دادا،
ياشلىقىڭنى كۆرمە ئەلبۇمدىن،
قارىغىن ماڭا.
مەندە بار سېنىڭ مادارىڭ،
مەندە بار سېنىڭ باھارىڭ،
قەلبىڭنى كۆر قەلبىمدىن.

# راۋاب

مۇختار خەلىل

تىللىرىڭ سوزۇلغان
ئەجدىھارمۇ سەن؟
باغرىڭغا
تاشۋاينى،
روزەك باشىنى...
سىغدۇرۇپ كەتتىڭ.
چېچىلىدۇ تىلىڭدىن
دىللارغا ئوت.
كۆرۈپ تۇرىمەن
تار - سىملىرىڭ بىلەن
ئەنە باغلاقلىق
تۇرىدۇ داۋۇت!

# شېئىرلار

كېرەمجان سۇلايمان (ئوقۇغۇچى)

### مەن ئۇيغۇر

يالاڭباش كۆرۈپ:
— ئۇيغۇرمۇسەن!؟ — دەپ
سورىدىڭ مەندىن.
— ھەئە،
— مەن ئۇيغۇر!...
تومۇرۇمدا ئاققىنى،
بوۋام —
ئوغۇزنىڭ قېنى!

### تاڭ شامىلى

سۈبھىدەم،
دېرىزەمدىن كىرىپ شىۋىرلاپ،

ئۇ يىغاتتىمىكىن مېنى.
يۈزلىرىمگە،
كۆزلىرىمگە...
سۆيۈپ يېنىش - يېنىشلاپ،
ۋاھ!
يۈرەككە ھوزۇر بېغىشلاپ.
«باشلاپ كەلدىم قوياش يارىڭنى،
كۈتۈۋالغىن!» دېدىڭ ئالقىشلاپ.

### تارتىنىش

ئىزھار قىلار ئىشقىڭنى كۆزۈڭ،
ئىنكار قىلار چاندۇرۇپ سۆزۈڭ.

### تەگسىزلىك

كۆك يىغلايدۇ...
كۈلىدۇ زېمىن...

### ۋەتەن

يۈرىكىمگە تېڭىپ يۈرەتتىم
سېنى، ئەگەر يەتسە قۇدرىتىم.

### خانتەڭرى

ئېيتقىنا سەن ئۇغۇز بوۋامنىڭ
گۈمبىزىمۇ، قەبرىگاھىمۇ؟!

## شېئىرلار

ئابدۇلئەھەت سەلەي (ئوقۇغۇچى)

### يىغا ۋە كۈلكە

شۇنداق يىغا بار، كۈلدۈرەر سېنى،
شۇنداق كۈلكە بار، ئۆلتۈرەر سېنى...

### جانانغا جاۋاب

مېنىڭ يۈرىكىم،
سېنىڭ ئەلبۇمىڭ!...

### ۋەتەن

قەلبىم سېنىڭ،
مېھرىڭ مېنىڭ!

### مۆجىزە

— قوياش تۈگىمەس نۇرلىرىڭ،
كەلگەن قايەردىن؟
— ئاتا مېھرىدىن!
— ئانا مېھرىدىن!

## ئىككى شېئىر

پەرھات تۇرسۇن (ئوقۇغۇچى)

### پەرزەنت مۇھەببىتى

تىپىرلار قاپقاندا كىيىك بالىسى،
پەرۋانە يېنىدا ئۇنىڭ ئانىسى.
گەر ئانا كىيىكنىڭ بولغاندا تىلى،
يەر - كۆكنى قوچاتتى ئۇنىڭ نالىسى.

ئەجەلنىڭ مۇدھىش كۆلەڭگۈسىدەك،
كېزىدۇ جاڭگالنى بىر ئوۋچى شۇ چاغ.
ئوۋ ئىزلەر پۇتىدىن ئاقسىمۇ قانلار،
قالغاچقا ئۆيىدە ئوغلى ئاچ قورساق.

### ئۆزەڭ بىر ناخشىسەن


— بىر ناخشىچى قىزغا

ئۆزەڭ بىر ناخشىسەن، ناخشىدەك گۈزەل،
كۆزلىرىڭ ھەر قانداق ناخشىدىن مۇڭلۇق.
يۈرىكىڭ شېئىردىن كۈي-ناخشا بولمىقى،
نىگاھىڭ ھەرقانداق ناخشىدىن ئوتلۇق.

كۈلۈشۈڭ بىر ناخشا، خۇددى ناخشىدەك
زەپ تاتلىق نازاكەت كۈلدۈرەر مېنى.
يىغلىشىڭ بىر ناخشا، خۇددى ناخشىدەك
ئاھ، ئۇنىڭ مۇڭلىرى ئۆلتۈرەر مېنى.

مەسئۇل مۇھە

# كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆچېركلىرى



نىزامىدىن ھۇسەيىن

بىز كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر (16-، 17-، 18- ئەسىرلەر) ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دېگىنىمىز دە تارىخىمىزدا ئۆتكەن سەئىدىيىلەر زامانى (16-، 17- ئەسىرلەر)، چىراغسىز جاھالەت زامانى (جۇڭغارلارنى يېتەكچى قىلغان خوجا، ئىشانلار ھۆكۈمرانلىقى زامانى — ئاساسەن 18- ئەسىر)غىچە بولغان ئۈچ ئەسىرلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يەنى شۇ زامانلاردىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار يۇرتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مىللىي مەدەنىيىتىنى كۆزدە تۇتىمىز.

## 1. قىسىم سەئىدىيىلەر زامانى

### 1. سەئىدىيە خانلىقلىرى

چاغاتاي نەسەبلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 7- ئەۋلادى — سۇلتان سەئىدخان سۇلتان ئەھمەتخان ئوغلى تەرىپىدىن مىلادى 1514- يىل 8- ئاينىڭ 21- كۈنى يەكەننى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان ھەم شۇ زاتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ تاكى 1679- يىلى 9- ئايدا ئاپئاق خوجا ۋاستىچىلىقىدىكى جۇڭغار ھەربىي فېئودال خانلىقىنىڭ خانى — غالدان قونتەيجى قىسىملىرى تەرىپىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەكەندە ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئىسمائىلخان، مۇھەممەت ئىمىنخانلار ھاكىمىيىتىگىچە بولغان ئاز كەم ئىككى ئەسىرلىك زامان تارىختا سەئىدىيىلەر زامانى ياكى يەكەن خانلىقى زامانى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ زامان ئىچىدە سەئىدىيىلەر نەسەبلىرىدىن ئاساسەن 13 كىشى خانلىق قىلغان. ئۇلار: سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخان، ئابدۇكېرىمخان، مۇھەممەتخان، شىجائىدىن ئەھ-



مەتخان، قۇرەيىشخان، ئابدۇلتىپخان (ئابابەكرىخان)، پولاتخان، مەھمۇتخان، ئابدۇللاخان، يولۋاسخان، ئىسمائىلخان، مۇھەممەت ئىمىنخانلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇلاردىن سۇلتان سەئىدخان 1514- يىلىدىن 1533 - يىلىغىچە 20 يىل، ئابدۇرەشىتخان 1533 - يىلىدىن 1559 - يىلىغىچە 26 يىل، ئابدۇكېرىمخان 1559 - يىلىدىن 1591 - يىلىغىچە 33 يىل، مۇھەممەتخان 1592 - يىلىدىن 1610 - يىلىغىچە 9 يىل، شىجائىددىن ئەھمەتخان 1610 - يىلىدىن 1619 - يىلىغىچە ئون يىل، قۇرەيىشخان 1618 - يىلى ئون كۈن، ئابدۇلتىپخان 1620 - يىلىدىن 1630 - يىلىغىچە 11 يىل، پولاتخان 1630 - يىلىدىن 1633 - يىلىغىچە 4 يىل، سۇلتان مەھمۇتخان1634 - يىلىدىن 1636 - يىلىغىچە 3 يىل، پولاتخان (2 - قېتىم) 1636 - يىلىدىن 1639 - يىلىغىچە 4 يىل، ئابدۇللاخان 1639 - يىلىدىن 1652 - يىلىغىچە 13 يىل، يولۋاسخان 1653 - يىلىدىن 1654 - يىلىغىچە 2 يىل، ئىسمائىلخان، مۇھەممەت ئىمىنخانلار 1655 - يىلىدىن 1678 - يىلىغىچە 13 يىل (چىقىپ - چۈشۈپ) خانلىق قىلغان. بۇ خانلارنىڭ دەۋران سۈرگەن ۋاقىت - زامانلىرىنى مۇنداق ئۈچ جەريانغا يەنى سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخان، ئابدۇكېرىمخانلار زامانى (80 نەچچە يىللىق ۋاقىت) گۈللەنگەن زامان، مۇھەممەتخان، شىجائىددىن ئەھمەتخان، قۇرەيىشخان، ئابدۇلتىپخان، پولاتخان، مەھمۇتخان، ئابدۇللاخان ...لار زامانى (50 نەچچە يىللىق ۋاقىت) پارچىلانغان، زەئىپلەنگەن زامان، يولۋاسخان، ئىسمائىلخان، مۇھەممەت ئىمىنخان...لار زامانى (20 نەچچە يىللىق ۋاقىت) خاراب بولغان، ئاغدۇرۇلغان زامانغا بۆلۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ خانلىقنىڭ ئالدىنقى بىر ئەسىرلىك (ئاساسەن 16 - ئەسىرلىك) تېررىتورىيە دائىرىسى ھەققىدە يولداش لى جىنشەن ئۆزىنىڭ «يەكەن مۇسۇلمان خانلىقى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «سەئىدخان قۇرغان دۆلەت دەسلەپكى مەزگىلدە زېمىن كېڭەيتىشلىكى ۋە ئاكتىپ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئالتە شەھەردىن باشقا يەنە بەدەخشان، پەرغانە، ۋاخان رايونلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى. يەتتىسۇ بويلىرىدىكى قازاق قەبىلىلىرى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرى سەئىدخاننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ يەكەن خانلىقىغا بەيئەت قىلدى. سەئىدخان يەنە «غازات» نامى بىلەن نەچچە قېتىم قوشۇن چىقىرىپ لاداق (بۈگۈنكى كەشمىر)، بالور (پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى) ۋە ئۇرساڭ (شىزاڭدا) رايونلىرىغا يۈرۈش قىلدى...» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 5 - سان 29 - بەت). يەنە باشقا نۇرغۇن تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، بۇ خانلىقنىڭ دەسلەپكى تېررىتورىيىسى: ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىنىڭ ئالتاي، ئېمىل (تارباغاتاي) تاغلىرىدىن باشقا ھەممە جايلىرى، بەدەخشان (شەرقىي شىمالىي ئافغانىستان)، پەرغانە، يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل يەنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان، قىرغىزستان، تاجىكىستان، قازاقىستان تەۋەلىرىدىكى ئىلى، نارىن، قىزىلسۇ دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرى، ۋاخان (ھازىرقى ھىندىقۇش ئېگىزلىكى)، لاداق (كەشمىر)①، بىلۇچ (پاكىستاننىڭ گىلگىت، ھىندى دەريا بويلىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرەپلىرى)، ئۇرساڭ (تىبەتنىڭ ھازىرقى ئالىي رايونى)غىچە بولغان. بۇ خانلىقنىڭ خاراب بولۇش - ئاغدۇرۇلۇش ۋاقتىدىكى تېررىتورىيىسى بولسا پەقەت يەكەن، قەشقەر (ئابدۇرەشىتخان زامانىدىكى تېررىتورىيىنىڭ 17دىن بىر قىسمى)دىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان.

---

① شۇ زامانلاردىكى بىر پۈتۈن كەشمىر زېمىنىنى 1940 - يىللاردىن بۇيان ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد پەرقى بويىچە ئىككىگە بۆلۈپ (مۇسۇلمانلار رايونلىرىنى پاكىستان، ھىندىلار رايونلىرىنى ھىندىستان) ھامىلىقىدا تۇتۇپ، ئىدارە قىلىپ كەلمەكتە ئا.

شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي ھۆججەتلەردىن ۋە ھازىرقى زامان تارىخ ئالىملىرىنىڭ ئاساسلاشلىرىدىن شۇبھىسىز مەلۇمدۇركى: مېنىڭچە، بۇ خانلىق تارىختا قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇرخانلىقىدۇر. يەنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى توپ گەۋدە، ئۇيغۇرلار زېمىنلىرىنى ئاساس قىلغان، تېرردتورىيە، بازىس، ئۇستقۇرۇلما (ئىقتىساد، ئىدېئولوگىيە، سىياسىي، ھاكىمىيەت شەكلى، مەدەنىيەت، تىل، يېزىق، ئادەت، دىن...) ساھەلىرىدە تولۇق مىللىي ئالاھىدەخۇسۇسىيەت شەكلىدە بولغان، شۇ زامانلارنىڭ ئىجتىمائىي زۆرۈرىيىتى، تەقەززاچىلىقى ۋە مۇقىم سىياسىي بىرلىك، مۇھىت، ئىمكانىيەتلەر تۈپەيلىدىن مىللىي ئىجتىمائىي گۈللىنىش - تەرەققىيات يولىنى تۇتقان (شۇ زامانلارغا نىسبەتەن ئىلغارلىقى، ھۆرلىكى ۋە كۈچلۈكلۈكى بىلەن شۆھرەتلەنگەن) ئۇيغۇر خانلىقىدۇر. يولداش لى جىنشەن بۇ خانلىق توغرىسىدا يەنە مۇنداق يازىدۇ: «يەكەن خانلىقى XVI- ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلار سىياسىي، ئىقتىساد، دىن، تىل - يېزىق جەھەتتە بىرلىكنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى مىللەت ئورتاق گەۋدىسى— يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن قۇرۇلغان. يەكەن خانلىقى دەل يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرى شەكىللەنگەن مەزگىلدىكى مەدەنىيەتنى نامايەن قىلغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر دەۋرى—يەكەن خانلىقى دەۋرىنىڭ بىر مۇنچە يېڭى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ...» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987 - يىل 5 - سانىدىن).

## 2. سەئىدىيىلەر خانلىقلىرىنىڭ خاسىيەت ئاساسلىرى

سەئىدىيىلەر زامانىنىڭ خاسىيەت ئاساسلىرى يەنى ئاساسلىق قۇرغۇچىلارنىڭ غايىۋى جەريانلىرى، خانلىقنىڭ بازىس ئاساسلىرى ۋە ئەھمىيەتلىرى توغرىسىدا شۇ زامانلار تارىخچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما نەمۇنىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ خانلىقنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىلىرىدىن بولغان سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى، تەخت ۋارىسى ئابدۇرەشىتخانلار توغرىسىدا «ئەششار دورنات خازىكەنت خوجا پادىشاھ» دېگەن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي بايان قىسمىدا: «... يۇرتنى يۇرت بىلەن، ئەلنى ئەل بىلەن سورىغان، ئاقىل دانالىقى بىلەن جاھانغا تونۇلغان، ئادىل، خەلقپەرۋەر، مەرىپەت چاچقۇچىلار ئىدى» دەپ تەرىپلەنگەن.

«...سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدا كېڭەشلىك قېرىلار بولۇپ، قەدىمكىي دەستۇر، قانۇننى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇلار ھەرمىللەت، ھەرقەبىلە، ھەر ئايماقلاردىن زىچ بىرىككەن قېرى كىشىلەردىن ئىدى ...دۆلەت ئەربابلىرىدىن ئالىم كىشىلەر كۆپ ئىدى...» («تارىخىي رەشىدى»— زەيلى 28 -،60 - بەتلەر).

«سۇلتان سەئىدخان ئېسىل، ئىجادكار ۋە ئالىيجاناب كىشى ئىدى. تەكەللۇپنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، جەسۇر، جەڭگىۋار بولۇپ سىپاگەرچىلىكتە قوماندان ئىدى... موغۇل، ئۆزبېك، چاغاتايي ئۇلۇسلىرى ئىچىدە سەئىدخاندەك ئۇستا مەرگەن يوقتۇر» (نىياز

تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان «تارىخى رەشىدى»① — «قازاقچە تەبىرى» رۇسچە
نەشىرى 137 - ۋە 139 - بەتلەر). ئۇلار خۇددى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»تا تەرىپلەنگەن ئادىل، دانا-
لىقى بىلەن شۆھرەتلەنگۈچى ئادىل پادىشاھ- ئۇلۇغلار ئۆلچەملىرىگە تارىختا تەڭلىشىپ ۋەياندىن
شىپ ئۆتكەن زاتلاردۇر. سۆزىمىزنىڭ دەلىل تەرىپاتى-(«مەھبۇبۇل قۇلۇپ»تىن پارچە) ئەلگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىش ئۇسۇبىتىگە ئېرىشكەن يارانلارنىڭ ئىستىل،ئەخلاق،دۇنياسىغا كۆچۈرمە قىلىپ تەقدىم قىلىندى:
— ئادىل پادىشاھلار (جاھان ۋە يۇرت ئۇتقۇچىلار —ئا ) ئەلۋەتتە ماختاشقا لايىق بولۇپ، كىشى-
لەر ئۇلارنىڭ زامانلىرىدا تۇغۇلغانلىقى بىلەن ماختىنىشىدۇ. ئادىل پادىشاھلار باھار يامغۇ-
رىغا ئوخشاش قارا تۇپراقتىن گۈل ئۈندۈرۈپ، مەملىكەت خەلقىنىڭ بېشىغا ئالتۇن، گۆھەرلەر
چاچىدۇ. كەمبەغەللەر ۋە ئاجىزلار ئۇلارنىڭ مېھرى - شەپقىتىدىن بەخت تاپسا، زالىملار ئۇ-
لارنىڭ سىياسىتىدىن خەۋپتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە قوي - قوزىلار بۆرىنىڭ
خەۋپىدىن، مۇساپىرلار ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن خاتىرجەم ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ
شەپقەت - مەرھەمىتى بىلەن باللار مەكتەپلەردە ئىلىم ھاسىل قىلسا، مۇھاپىزىتى بىلەن ئاجىز-
يېتىملار باياشاتلىقتا كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەيۋىتىدىن يوللار قاراقچىلار-
دىن خالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىڭ تۇتۇشى بىلەن ئەمەلدارلارمۇ خەلققە
خالىغانچە زۇلۇم - سىتەم قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى بىلەن مەسچىتلەر جامائەت بىلەن
تولغان، مەدرىسلەردە ئىلمىي مۇھاكىمە، مۇنازىرىلەر قايىنىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىل سىيا-
ستىدىن ئوغرىلارنىڭ قولى ئەلنىڭ مېلىغا يېتەلمەيدۇ. باياۋاندا قاراقچىلار قالمايدۇ. كېچى-
لەردە كىشىلەر خاتىرجەم، دۇكانلاردا چىراغلار يېقىقلىق، سودا يۈرۈپ تۇرىدۇ. كۈن ئولتۇر-
غاندىن تارتىپ تاكى سەھەر ۋاقتىغىچە خانىقالارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئىبادەتخانىلار ئىبادەت
نۇرىدىن يوپيورۇق بولۇپ تۇرىدۇ. ئادىل پادىشاھلار شەھەر ۋە مەھەللىلەرنىڭ پاسىبانى، يېزا،
تاغلاردا قويلارنىڭ چۈپانىدۇر. پۇقرانىڭ راھەت بېغى ئۇلار بىلەن ئاۋاتتۇر. ئەسكەرلىرى
راھەت - پاراغەتتە قايغۇ - غەمدىن ئازادتۇر. ئۇلار بىلەن ئاجىزلار كېچىنى بىمالال ئۆتكۈزسە،
باللىرى ئاقسۆڭەك ئويناش بىلەن ئۆتىدۇ. قېرىلار ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا بىلەن بولىدۇ.
كېنىزەكلەر ماھۇق ساۋاپ قېرىلارنىڭ دۇئاسىغا جور بولىدۇ. پۇقرا ئۇنىڭغا ھەم دۇئا قىلىدۇ
ۋە ئەركىلەيدۇ. پۇقراغا ھەم سېخىلىق قىلىش، ھەم پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇلارنىڭ ئادە-
تىدۇر. ئاچلار ئۇلارنىڭ غىزاسىدىن ئوزۇقلانسا، يالىڭاچلار ئۇلارنىڭ رەھىم - شەپقىتىدىن
كىيىنىدۇ. ئۇلار مەملىكەتنى يامغۇرلۇق بۇلۇت بولۇپ سىراپ قىلسا، ئۇلارنىڭ مېھرى مەملە-
كەت خەلقىنىڭ كۆزىنى قۇياش بولۇپ يورۇتىدۇ. باشقا مەملىكەتلەر خەلقلىرى ئۇلارنىڭ ئار-
زۇسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادىللىقلىرى توغرىسىدا ھېكايىلەر سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى-
لىقلىرى ھەققىدە ئالىملار كىتابلار يازىدۇ. شائىرلار مەدھىيە توقۇيدۇ. سازەندىلەر ئۇنى ماخ-
تاپ نەغمىلەر تۈزەيدۇ. شائىرلار سازەندىلەرگە ئاتاپ ناخشا تېكىستلىرى يازىدۇ. ئۇ، خەلق-

① «تارىخى رەشىدى» — ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى، دۆلەت ئەربابى، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى
(كوراگان) يىنى مىرزا مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگانى تەرىپىدىن مىلادى 1545 - يىلى كەشمىردە يېزىلغان
دۇنياۋى تارىخ كىتابىدۇر. بۇ كىتاب سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئۈنجى قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى — سۇلتان ئابدۇ
رەشىتخان نامىغا يېزىلغان بولۇپ، 18 - ئەسىردە خوتەنلىك ئالىم موللا مۇھەممەت نىياز ئاخۇنۇم تەرىپىدىن
پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچىلىك تۈرك، ئەرەب،
خەنزۇ، رۇس، نېمىس، ئىنگلىز، ياپون، موڭغۇل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان. ئۆزبېك، قازاق،
قىرغىز، ئەزەربەيجان. . . تىللىرىغا كۆچۈرۈلۈپ نەشر ئېتىلگەن. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تارىخىنى، جۈملىدىن شىن-
جاڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىمىزدا قىممەتلىك مەنبەلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نى رازى قىلىش بىلەن خۇدانىڭ رازىلىقىنى ئىستەيدۇ. مەسىلە ھەل قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق قىلىدۇ. . .


سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخانلار ئەنە شۇنداق خانلاردۇر.

بۇ خانلارنىڭ زامانىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى: ھاكىمىيەت مەركەزلەشكەن، جەمئىيەت تىنچلىنىپ گۈللىنىشكە يۈزلەنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ زامانىدا خەلق ئۈستىدىكى ھەددىدىن ئارتۇق باج، ياساق مۇۋاپىق تەڭشەلگەن. خانلىق نىزامى يولغا قويۇلۇپ ئوردا ئىچىدىكى چېكىدىن ئاشقان چىرىكلىك ۋە كەيپى-ساپالىق تۇرمۇشقا خاتىمە بېرىلگەن. خان بولغان كىشى ھەر يىلى تەۋەلىكىدىكى پۈتكۈل يۇرتلارنى ئارىلاپ، پۇقرانىڭ ئەرزىنى تىڭشايدىغان ۋە شۇ ئاساستا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىنى چەكلەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. چاغاتاي دەۋرىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. سۇ ئىنشائاتلىرى، يول، كۆۋرۈك، توغان قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغان. سودا - سانائەت كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. چاغاتايلار زامانىدا ئۈزۈلۈپ قالغان «يىپەك بۇيۇكى» (يىپەك يولى) سودىسى قايتا راۋاجلىنىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. . . ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاشتېشى، ئالتۇن، جاۋاھىر، ماتا - چەكمەن، يۇڭ، تېرە، زىلچا كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ مىقداردا تاۋار، چىنە - قاچا، فارفور بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇلغان. ھىندىستان، ئىراق، ھەمەدان، شىراز، تەبرىز، تېھران، مىسىر قاتارلىق جايلارغا كىگىز، جايناماز، ماتا، چەكمەن، ئالتۇن، يىپەك بۇيۇملار چىقىرىلىپ دورا - دەرمەك ۋە باشقا بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇلغان. شەھەر، بازارلار ئاۋاتلاشتۇرۇلغان. . . كەلپىن، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، كىردىيە، چىردىيە، قاغىلىق، ئاۋات ناھىيىلىرىنىڭ بازارلىرى سېلىنغان ياكى كېڭەيتىپ سېلىنغان. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، يېڭىسارلاردىكى يەرسىز ئاھالىلەر كۆچۈرۈلۈپ، تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىش ساھىلىدىكى قوشلاش (يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ دەريالىرى قوشۇلىدىغان جاي) — غولتوغراق ۋادىسى ① ئاۋات قىلىنغان ۋە كۆجۈملەشتۈرۈلگەن. چاغاتايلار زامانىدىن قالغان تۇرمۇش خارابىلىقى مەمۇرلاشتۇرۇلغان (ئۆزگەرتىلىپ باياشاتلاشتۇرۇلغان). يەرلىك سانائەت تۈرلىرى، بىناكارلىق، كاھىشچىلىق، ئارختېكتورلۇق، نەققاشلىق قاتارلىق كەسىپلەر كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۈكسەلگەن. كان - مەدەنچىلىك سانائىتى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ھۆكۈمەت مەبلىغى بولغان. ئەنە شۇ دەۋردە يېڭىساردا شاناز تۆمۈر رۇدىسى كانى، كۇچادا مىس كانى، كىردىيە، چەرچەنلەردە مىس، تۆمۈر رۇدىلىرى كانلىرى بىلەن ئالتۇن كانلىرى. . . ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىن قېزىپ ئېلىنغان مەدەنلەر خانلىق ھاجىتىدىن ئېشىپ قوشنا ئەللەرگە سەلتەنەت سودىسى يەنى چىقىندى سودا (ئېكسپورت) قىلىنىپ تۇرغان. دېمەك، شۇ جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل خاسىيەت ئاساسلىرى (ئىلغار غايىۋى جەريانلار، بازىس ئاساسلىرى. . .) بۇ جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئاساسىنى تىكلىگەن ۋە جانلاندۇرغان. ئابدۇرەشىتخانلار زامانىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن مۇنۇ قىممەتلىك يازما يادنامە شۇ جەمئىيەتنىڭ گۇۋاھنامىسى ھەم يۇقىرىدىكى تەرىپلىرىمىز ئۈچۈن پولاتتەك دەلىلدۇر. (29 - بەتكە قاراڭ)

---

① ئابدۇرەشىتخانلار زامانىدا كۆچمەن كۆچۈرۈلۈپ ئاۋات قىلىنغان جايلار 1913 - يىللىرى ئەتراپىدا (ياڭ زېڭشىن زامانىدا) مەمۇرىي جەھەتتىن شۇ چاغدىكى ئاقسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر رايون، 1930- يىللىرى ئەتراپىدا (جىڭ شۇرېن زامانىدا) بىر ناھىيە (ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسى) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ ناھىيىدە تارىختىكى «غولتوغراق»لىقتىن ھازىرمۇ 730 مىڭ مو ئەتراپىدا تەبىئىي توغراقلىق بار. تارىختىكى كۆچمەنلەر «دولانلار»، «دولان مەھەللىسى»لەر ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرۇۋېتىپتۇ — ئا.



# يازما يادنامە

... شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئوتتۇز ئالتە ①، ھىندىمانلارنىڭ مەھەللىسى سەكسەن بەش ②، مەھەللە مەسچىتى بەشيۈز سەكسەن بەش، ھاممام ③ توتيۈز ئوتتۇز يەتتە، باقىندىنىڭ مەھەللىسى ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن تۆت ④، مەكتەپخانا بىر مىڭ ئالتە يۈز توقسان، ئۆزۈلۈدىغان كوچا، يەر ⑤ بىر مىڭ بەشيۈز سەكسەن تۆت، مەدرىسە بەشيۈز يەتمىش ئۈچ، خانىقا توققۇز يۈز قىرىق سەككىز، كۆل ⑥ سەككىز يۈز ئوتتۇز بەش، ئاقابە ئېرىق ئالتە يۈز ئون سەككىز ⑦، كوچا، گۇزەر تۆت يۈز يىگىرمە تۆت ⑧، كارۋان ساراي بىرمىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە، تۈگمەن توققۇز يۈز توقسان ئىككى ⑨، ئېرىق- ئۆستەڭ بىر مىڭ بەشيۈز يىگىرمە بەش ⑩، جوھۇتلارنىڭ قەبرىلىسى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش تۆت ⑪، بازار بىر يۈز توقسان سەككىز، بۇلاق بىريۈز ئاتمىش ئۈچ ⑫، كېمە قاراپ بارىدىغان يەر، كېلىدىغان جاي ئالتە مىڭ توققۇز يۈز سەكسەن بەش ⑬، ئاھاڭگەرلىك يەر بىر مىڭ بەشيۈز ئاتمىش تۆت ⑭، رۇشتەگەرلىك يەر ئالتە يۈز قىرىق بىر ⑮، سودا قىلىدىغان دۇكان سەككىز يۈز سەكسەن توققۇز، بوز توقۇيدىغان يەر بەشيۈز يەتمىش توققۇز ⑯، مۇزە تىكىدىغان يەر ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك ⑰، تۇماق ساتىدىغان يەر بىر مىڭ يەتمىش بەش ⑱، نانۋايلىق دۇكان سەككىز مىڭ يەتتە يۈز توقسان توققۇز ⑲، ئاشپەزلىك دۇكان ئالتە يۈز قىرىق ⑳، باققاللىق دۇكان بىر يۈز ئون ئىككى، سامبۇساخانا يەتمىش ئۈچ ㉑، پوزۇل بەش مىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش تۆت ㉒، مەقپىرزارلىق بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە ㉓، قىمارخانا يەتتە يۈز سەكسەن، ھاراقخانا توققۇز يۈز يىگىرمە ئۈچ ㉔، بوزخانا ئۈچ يۈز ئون ئالتە، لولەخانا يەتمىش توققۇز ㉕، جوھۇتلارنىڭ بۇدخانىسى يەتتە يۈز قىرىق بەش ㉖، تەرسالارنىڭ بۇدخانىسى ئالتە يۈز ئاتمىش ئۈچ ㉗، يەھۇدىلەرنىڭ بۇدخانىسى بەش يۈز قىرىق ئالتە ㉘، مولتانلارنىڭ بۇدخانىسى سەكسەن سەككىز ㉙، ھىندىلارنىڭ بۇدخانىسى ئۈچيۈز ئەللىك يەتتە ㉚ بولۇر ئىكەنلەر دەپ ھەر قايسىسىنى ئۆز دەپتىرىدە شۇنداق پۈتكەن ئىكەنلەر. بىزلەر ھەم شۇڭا قاراپ پۈتۈپ قويدۇق. ۋاللاھۇ ئەلەم بىسسەۋاب. سىنە (ھىجرىيە يىلى)- 1036

---

## ئىزاھات:

بۇ يازما يادنامە — «تارىخنامە ئابدۇرەشىتخان» دېگەن قولىيازما (ھىجرىيە 951 - يىلى- مىلادىنىڭ 1545 — 1544 -، يىللىرى يېزىلغان) دىن ھىجرىيە 1036 - يىلى (مىلادى 1626— 1627- يىللىرى) سەئىدىيىلەردىن 7 - نۆۋەتلىك تەخت ئىگىلىگەن ئەھمەتخان ئوغلى ئابدۇلەتىپخان زامانىدا مۇھەممەت نىيازئاخۇن دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان. شۇ زامان جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن مۇلازىمەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل تىزىملىكى بولغان بۇ ۋاراقنىڭ قەغىزى پاتلىق، قېلىن يەرلىك سۆت رەڭ سۆت قەغەز. ۋاراق ئۇزۇنلۇقى $36\frac{1}{2}$ سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر. خېتى 18 قۇر. قۇمۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان. خەت قۇرۇلمىسى شۇ زامان چاغاتاي خەتچىلىك ئۇسلۇبىدا. ۋاراقنىڭ بېشىدىكى ئەرەبچە «3» دېگەن رەقەمدىن قارىغاندا، بۇ ۋاراق ئەسلى كۆچۈرۈلمىنىڭ قوشۇمچە ئاخىرقى ۋاراقلىرىنىڭ داۋامىدىن بىر ۋاراق بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇمان بار. كۆچۈرگۈچىنىڭ نامى يادنامە ۋاراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىپ قويۇلغان ئۈزۈك (يۈزلۈك) تامغىدا كۆرۈلىدۇ. «تارىخنامە ئابدۇرەشىتخان» يەنى مۇشۇ ۋاراق بۆلۈنگەن ئەسلى كىتاب 1952 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى مۇھەممەت ئېلىخان خوجا ئائىلىسىدىن تېپىلىپ مېنىڭ قولۇمدا مەلۇم ۋاقىت ساقلانغاندىن كېيىن، 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا (يۇسۇپبەك مۇخلىسوۋ بىلەن يولداش ئابلىمىت روزى، ئابدۇرېشىت ئىسلاملار ئارقىلىق) ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ قولىيازمىدىن بەزى سۆزلۈندە قىلىۋېلىنغان مۇپەسسەل خاتىرە ھېلىمۇ قولۇمدا بار. بىراق بۇ يادنامە ۋاراقنى مەن 1983 - يىلى قاغىلىقتا پېشقەدەم مائارىپچى ئابلىز ھاجى ئوغلى يولداش دىلشاتتىن قوبۇل قىلدىم. ھازىرقى چاغلارغىچە بۇ گۆھەرنى ساقلاپ، خەلقىمىزگە تەقدىم قىلغان بۇ ياش ئىلىم، تارىخ ھەۋەسكارىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. شۇنداقلا بۇ يىپ ئۇچى — ئىز - دېرەكتىن بىز «تارىخنامە ئابدۇرەشىتخان» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ ھېلىمۇ يەنىلا جەمئىيەتتە، خەلق قولىدا ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن ھېس قىلماقتىمىز. ساقلىغۇچىلارنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشلىرىگە تەشنامىز.

مۇئەللىپتىن

## ئىزاھلىق لۇغەت:

(مەنبەلىك شەخس پەرەز، چۈشەنچىلەر ئاساسىدا تۈزۈلدى)

① 36 دەرۋازا — ھەر بىر شەھەرگە تۆتتىن جەمئىي توققۇز شەھەرگە تەۋەلىشىدۇ. بەزى يەرلىك تارىخچىلار بۇ توققۇز شەھەرگە: يەكەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، پەرغانە، بەدەخشان، راجىدانلار (راجىدان شۇ چاغلاردىكى كەشمىرنىڭ پايتەختى ئىدى)نى سانايدۇ. ئابدۇرەشىتخانلار قولىدىكى ئارساڭ (ھازىرقى ئالىي رايونى)دا تارىختىن بۇيان شەھەر بولۇپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ شەھەرلەر قاتارىدا سان بېرىلمىگەن بولسا كېرەك.

② ھىندىستانلار مەھەللىسى — شۇ زامانلاردا كەشمىر، بەدەخشان ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ھىندى، ھىندى تىلىدا سۆزلەشكۈچى ۋە ھىندى دىنىدا بولغان ئاھالىلەر مەھەللىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. «مەھەللە» سۆزىگە بەزىلەر «كەنت» دەپ ئىزاھات بېرىشىدۇ. مېنىڭچە شۇ چاغلاردىكى كەنت ھازىرقى چاغلاردىكى «دادۇي» دىن چوڭ، يېزىدىن كىچىك مەمۇرىي بىرلىكنىڭ نامىدۇر.

③ ھاممام — مونچا، سەرراپ، يۇيۇنۇش ئورنى. شۇ زامانلاردا تاش ھاممام، تام ھاممام، سۇ ھاممام، تەر ھاممام دېيىلىپمۇ كەلگەن.

④ باقىندى مەھەللىسى — ئاۋام خەلق، رەئىيە، پۇقرالار مەھەللىلىرى. بەزى تەزكىرىلەردە، سەئىدىيە زامانلىرىنىڭ ئەمەلدار، ئۆلىما، دۆلەت، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، كاتتا، كىچىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەر قانداقى ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ھامان «باقىندى مەھەللە»لىرىدىن ئابروينۇقلار تۇرالغۇ جايلىرىغا كۆچۈپ كېتىپ تۇرغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

⑤ ئۆتىدىغان كوچا، يەر — شەھەر، بازارلاردىكى سودا - سانائەت، ساياھەت، تەكشۈرۈش، بايقاش نۇقتىلىرى.

⑥ كۆل — خەلق سۇ ئىچىدىغان كۆل.

⑦ ئاقابە ئېرىق— يىل بويى سۈيى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق.

⑧ كوچا، گۈزەر— شەھەر، بازارلاردا ھەر بازار كۈنلىرى تازا قىزىپ بازار بولىدىغان، چوڭ سودا - سېتىق گۈزەر - رەستىلىرى.

⑨ تۈگمەن — سۇ تۈگمەنلىرى.

⑩ ئېرىق - ئۆستەڭ — پەسىللىك چاپما ئېرىق - ئۆستەڭلەر.

⑪ جوھۇتلار — بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئېيسا دىنىدىكى (خرىستىئان دىنىدىكى) لەر شۇ زامانلاردا جوھۇتلار ياكى نەسارالار دەپ ئاتالغان. ئابدۇرەشىتخان ھاكىمىيىتىگە كىرگەن پەرغانە، ئىسسىقكۆل ۋادىلىرى، بەدەخشان، ۋاخان، كەشمىر، ھەتتا قەشقەردىمۇ تەۋەلىرىدىمۇ بۇ خىل تائىپىلەر بولغان.

⑫ بۇلاق— كىشىلەر تەرىپىدىن قېزىلغان كارىزلار كۆزدە تۇتۇلغان.

⑬ كىشى قاراپ بارىدىغان يەر، كېلىدىغان جاي — لەنگەر، ئۆتەڭ، قونالغۇ جايلار.

⑭ ئاھاڭگەرلىك — مېتاللىچىلىق ۋە مېتال پۇرۇشلۇق (تۆمۈر، مېتال تاۋلاش، ئايرىش ئورۇنلىرى بىلەن تۆمۈرچىلىك، چويۇنچىلىق، تۇچچىلىق، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك. قۇيمىچىلىق ... كەسپىي ساھەلىرى، ھەر خىل قورال - ياراق، سايمان، جابدۇق ياساش ئورۇنلىرى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑮ رۇشتەگەرلىك — ئومۇمىي توقۇمىچىلىق ئورۇنلىرى (يۇڭ، پاختا، يىپەك، كەندىر توقۇمىچىلىق دۇكان، كارخانا ئورۇنلىرى، خالۋاپلىق، زىلچەۋاپلىق، ئىچمەكچىلىك يەنى ئات يوپۇقلىرى تەييارلاش... خانىلىرى).

⑯ بوز توقۇيدىغان يەر — خام، چەكمەن، سەگىز، شەتلەنگە، داسمال، ئىرامال، چوتا ... توقۇش ئورۇنلىرى ياكى كارخانىلار، دۇكانلار ...

⑰ مۇزە تىكىدىغان يەر — موزدۇزلۇق ئورۇنلىرى.

⑱ تۇماق ساتىدىغان يەر — باش كىيىم تەييارلاش، تەمىنلەش، سېتىش ئورۇنلىرى.

⑲ نانۋايلىق دۇكان — ناۋايلىق كەسپىنىڭ ھەر خىللىرى بويىچە كەسىپ قىلغۇچى ئورۇنلار.

⑳ ئاشپەزلىك دۇكان — ھۆكۈمەت ئاشخانىلىرى بولۇپ، ھەربىي، مۈلكىي، خارجى، ئىلمىي، دىنىي،

كەسىپىي گۇرۇھلار، مېھمانلار (ھۆكۈمەتتىن كۈتۈلمىدىغان كىشىلەر) ھۆكۈمەت ھېسابىدىن تائاملىنىدىغان چوڭ، ئالىي، خاس ئاشخانىلار ياكى دۇكانلار كۆزدە تۇتۇلغان.

(21) سامبۇساخانا — سامسا، گۆش گىردە، پەرمۇدە، تونۇر كاۋاپچىلىقى ... بىلەن كەسىپلەنگەن دۇكان ۋە خانىلار.

(22) پۇزۇل — جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كەسىپىي تىجارەت ئاشخانىلىرى.

(23) مەقبەرزارلىق — مۇسۇلمانلار زىيارەتگاھلىقى، قەبرىگاھلىقى، قەبرىستانلىقى.

(24) ھاراقخانا — ھاراق ئىشلەش، تارقىتىش، سېتىش ئورۇنلىرى.

(25) لولەخانا — جىنسىي تاماشا قىلىشقۇچى (زىنا قىلىشقۇچى، نىكاھسىز شەھۋانە جۇپلەشكۈچى)لار بەھرىمەن بولىدىغان خاس ئىمكانىيەتلىك ئورۇنلار.

(26) جوھۇتلارنىڭ بۇدخانىسى — خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەت ئورۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك.

(27) تەرسالار — شۇ زامانلاردا چەرچەن، ئالتۇنتاغ، ماڭاي، تىمبۇلاق، ئاقساي، چايدام، كۆكشىلتاغ تىزمىلىرى، لوپنۇر، بايىنبۇلاق، تۇرپان، قۇمۇل ... تەرەپلەردە ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇر، سېرىق ئۇيغۇرلار، سارت موغۇل (موغۇل ئۇيغۇر)لار ئىسلام دىنىغا كىرمەي، كونا دىنلىرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «تەرسالار»، «جاھىللار» دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن تارىخىي دەلىللەر بار.

(28) يەھۇدىلەرنىڭ بۇدخانىسى — ھازىرچە ئېنىق ئىزاھلاش مۇمكىن بولمىدى.

(29) مولتانلار — شۇ زامانلاردا ئۆتكەن بىر سەللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەۋلادلىرى ھازىر سوۋېت يېرىدە ياشايدۇ. قەشقەردىيە تەۋەسىدە بولغانلىرى 18 - ئەسىرلەردە كۆچۈپ كەتكەن. ھازىرقى چاغلاردىكى «مولداۋان»لار شۇلار بولسا كېرەك. بەزىلەرنىڭ ئەسلەشلىرىچە، ئۇلار تارىختا قاراقۇرۇم سىگانلىرى دەپمۇ ئاتالغانىمىش.

(30) ھىندىلارنىڭ بۇدخانىسى — ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى.

## 3. سەئىدىيلەر زامانىدىكى مەدەنىيەت - مائارىپ

سەئىدىيلەر زامانلىرىدىكى مەدەنىيەت - مائارىپنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ زامان مەسىلەك داھىلىرى (ئىدىئولوگىيە يېتەكچىلىرى)نىڭ غايىۋى پوزىتسىيىلىرى (مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدىيىسىنى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئۈچۈن ئورناتقان تەشكىلىي قۇرۇلمىلىرىنى، ئىقتىسادىي، ماددىي جەھەتلەردىكى ئېتىبار، ئورۇن، تۈزۈم، شارائىت جەھەتلەردىكى مەدەتلىرى)نى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

### 1. غايىۋى پوزىتسىيىلەر

مەدەنىيەت - مائارىپنى تۇتۇش ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىلىم - ئىرپان كانىغا ئايلاندۇرۇش — سەئىدىيە ئاساسچىلىرىنىڭ يەنى سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان، سۇلتان ئابدۇكېرىمخانلارنىڭ ئازكەم بىر ئەسىرلىك غايىۋى جەريانلىرىدۇر. شۇنداقلا بۇ زاتلار نەسەب، زامان، تارىخىي شارائىت جەھەتلەردىن ئالغاندا ئىلىم - مائارىپ ئەھلىي تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ، ئۆز ئىلمى، ئەقلىي بالاغىتى، ئىلمىي يول، پەزىلەتلىرى بىلەن تەخت تۇتقان - خان بولغان ۋە ئىلىم - مائارىپ يولىدا تەلەپچان ھەم تىرىشچانلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان زاتلاردۇر.

— سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆزى، — دەپ يېزىلىدۇ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 - يىل 1 - سان 26 - بېتىدە: «...مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە مۇھىتىدا ئۆستى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى يۇنۇسخان ئەينى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەرىپەتپەرۋەر خانى — مىرزا ئۇلۇغبەك

نىڭ يارىدىمى بىلەن بۈيۈك ئالىم مەۋلانە ئەلى يەزدى ① گە شاگىرت بولۇپ، 12 يىل ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى بولۇپ يېتىشكەنىدى. سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەتخان يۇنۇسخاندىن بىۋاسىتە تەربىيە ئالدى ۋە ئوغلى سەئىدخاننى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلىم-مەرىپەت سۆيۈي بىلەن سۇغۇردى. سەئىدخان يەنە بىر نەۋرە تۇغقىنى شائىر ئوبۇلقاسىم بابۇر بىلەن بىر مەزگىل ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارىس تىللىرىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەنىدى... 20 ياش ۋاقىتلىرىدا ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىمى بولۇپلا قالماستىن، ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئىلىم ئەھلىلىرىنىمۇ ئارتۇقچە ئېتىبارلايتتى...».«تارىخى رەشىدى»— (زەيلى) دېگەن كىتابىتىمۇ: «سۇلتان سەئىدخان خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك (خەتكە ھەل بېرىش)، زەرگەرلىك، نەققاشلىق، مېماركارلىق، سازچىلىق، سازەندىلىك، قەست، تىغ، ئوق تەسىر قىلمايدىغان كىيىم تەييارلاش، ئوق، قىلىچ، نەيزە ياساش، مېتال ئايرىش قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق كامىلى ئىدى. سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چارتار (تۆت تار) غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. تۈركچە ۋە پارىسچە بەھوزۇر شېئىر يازالايتتى. قىسقىسى ئۇ ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم ساھەسىنىڭ ئىستېداتلىق ماھىرى ئىدى...» دەپ يېزىلغان.

سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ② مۇ ئاتاقلىق ئالىم، مەرىپەت باغۋىنى، ئەڭ چوڭ مائارىپچى زات ئىدى. «يەكەن تارىخى»نىڭ 58 ـ بېتىدە بۇ زات توغرۇلۇقمۇ مۇنداق يېزىلغان: «... ئابدۇرەشىتخان مەرىپەتپەرۋەر، مۇتەپەككۇر، شائىر، مۇزىكا بىلەن ياخشى تونۇشقان، قەتئىي ئىرادىلىك، جەسۇر پادىشاھ ئىدى. قەشقەر، يەكەن...لەردىكى ئەڭ چوڭ خانلىق مەدرىسلەرنى قۇرغانىدى. ئاتاقلىق ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلاتتى. ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ ئوقۇيتتى. بۇ دەۋردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا، پەن، مەدەنىيەت ناھايىتى راۋاجلاندى. ئاتاقلىق ئالىملار، ئاتاقلىق شائىرلار، تەرجىمانلار، خەتتاتلار مەيدانغا كەلدى. چوڭ ـ چوڭ دىۋانلار تۈزۈلەتتى. ئەرەب، پارىس، ھىندى كىتابلىرى تەرجىمە قىلىناتتى...»

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىت، ئەسلىمىلەردىن مەلۇم ۋە بىشارەتكى، سەئىدىيىلەر دەۋرى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىلىم خۇسۇسىيەتلىرى، تەرەققىپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك غايە، ئىنتىلىشلىرى بىلەن شۇ زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر مەزگىللىك مەشھۇر مائارىپ ئالتۇن دەۋرىنى بەرپا قىلغان. دېمەك، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تۈپ مەنبە قىلغان

---

① يەزدى — ئىراننىڭ پارىس دېگەن يېرى بىلەن ئىراق— ئەجەمنىڭ ئارىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. ئەدىب، تارىخچى ئەلى شۇ يەرلىك كىشى بولۇپ ئەلىشىر ناۋائىينىڭ كىچىك چاغدىكى ئۇستازلىرىدىن بىرى بولغان— ئا.

② موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى دېگەن ئالىمنىڭ «تارىخىي مۇسقىيۇن» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە: سۇلتان ئابدۇرەشىتخان مىلادى 1520 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1569 ـ يىلغىچە 49 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، يەكەندە ۋاپات بولغان. «ئالتۇنلىرىم» زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

بۇ زات 1533 ـ يىلىدىن 1559 ـ يىلغىچە 26 يىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى بولغان. «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىياتى رەشىدى»، «سىلاتىننامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىشتا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، مەدەنىيىتىنى، مائارىپ، ئەدەب ـ ئەخلاقىنى... يۈكسەلدۈرۈشتە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

مائارىپچىلىق — ئۇلار ئۆمرىنىڭ بىر پۈتۈن غايىۋى جەريانى—ئۇيغۇر خەلق مائارىپىنىڭ يۈك-
سىلىشىگە تۈرتكە بولغان تاشقى تارىخىي ئامىللارنىڭ ئەڭ تۈپ ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ يۈكسىلىش ھېسسىياتى كۈچلۈك، ئىلىم - پەن — يېڭىلىققا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرى-
دىغان، بىلىم، مەدەنىيەتكە ئامراق، ئىزدىنىش ئارزۇسى كۈچلۈك، پاراسەتلىك، زېھنى ئۆتكۈر،
تەن دۇرۇس، ھىممەتلىك، تىرىشچان، ئىشچان خەلق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىمۇ بۇ يۈكسىلىشنىڭ
ئىچكى تۈپ مەنبەسىدۇر.

## 2. مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدىيىسى

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە سەئىدىيىلەر خانلىقلىرىنى تېگى - تەكتى-
دىن ئالغاندا دىنىي خانلىقلار ياكى دىنىي ھاكىمىيەتلەر، ئۇلارنىڭ قۇرغان، باشقۇرغان دۆلەت-
جەمئىيەتلىرىنى نوقۇل دىنىي دۆلەت — جەمئىيەتلەر دېيىشكە بولمىغاندەك مەدەنىيەت - مائارىپ
ئىدىيىسىنىمۇ دىنىي ئىدىيە، دىنىي مەۋقە دېيىشكە بولماس. بەزىبىر تەتقىقاتچىلار ھازىر: «ئۇ
جەمئىيەت نوقۇل دىنىي جەمئىيەت ئىدى، سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىرى شۇ جەمئىيەتنىڭ مۇسۇلمان-
لىق خاسىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇش، «خۇدا - رەسۇل» يولىدا جان بېرىش، كالامىزىمنى دۆلەت
دىنىي دەستۇرى قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمئىيەت
ئىدىيىسى، جۈملىدىن مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدىيىسىمۇ ئەلۋەتتە ئىسلام دىنى ئىدىيىسىدۇر...»
دېيىشىدۇ. بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس قاراشتۇر. مېنىڭچە، سەئىدىيىلەر خانلىق-
لىرى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئاغدۇرۇلۇپ تۈگىگۈچە دىن بىلەن سىياسىنى بىر - بىرىدىن
ئايرىۋېتىپ، ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتچىلىك سەلتەنەتلىرىنى قولدىن بەرمىگەن سىياسىي كۈچ-
لەردۇر. تارىخچى يولداش لى جىنشەن بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «... پايتەخت يەكەن ۋە قەش-
قەردە سوپىزم ئىسلام دىنىدا بويسۇندۇرغۇچى ئورۇندىكى مەزھەپ بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە
دىن جەمئىيەتكە خېلى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ھەم ئۇنىڭ سىياسىغا ئارىلىشىشىمۇ
ناھايىتى ئېغىرلاشتى. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ يەكەن خانلىقى «سىياسىي بىلەن دىن بىرلەش-
كەن» ھاكىمىيەت شەكلىنى قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە يەكەن خانلىقى
دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە سىياسىي بىلەن دىننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قوي-
غان بولغاچقا، دىن ئورنىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ
ئاساسلىق رولى — ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەت تەرتىپىنى ساقلاش، ھەربىي قوشۇن ۋە باج- سېلىق
قاتارلىقلارنى ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىش ئىدى...»
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987 - يىل 5 - سان 36 - بەت). دېمەك
ناھايىتى ئايانكى، سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىرى دىنغا نىسبەتەن: دىنىي ئېتىقاد بىرەر جەمئىيەت،
بىرەر مىللەت ۋە بىرەر خەلقنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھاياتىنى، سۈپىتىنى، تارىخىي تەقدى-
رىنى، تەرەققىياتىنى بەلگىلەپ بېرىشكە قادىر كۈچ ئەمەس، مۇتلەق شەرت ھېسابلانغان ئىدى-
يىۋى چەك ياكى نەزەرىيىۋى ئۆلچەم، غايە — دۇنيا قاراش كۆرسەتكۈچىمۇ ئەمەس، تارىختا
ئۇنداق بولمىغان، بولالماسلىقى كېرەك، ئەكسىچە ئۇ بىر تارىخىي ۋە تارىختىن
قېپقالغان دىنىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ئۆز ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھايا-
تىنى، تەقدىرىنى، تەرەققىياتىنى ياخشىلاش ۋە ئۈستۈرۈشكە خىزمەت قىلىشى، پايدا يەتكۈزۈشى

مۇتلەق شەرت ۋە زۆرۈردۇر، دەپ قاراشقان. شۇنداقلا ئۆز خانلىقلىرىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەۋقەيىنىمۇ ئېتىقادى ئىسلام، شەكلى مىللىي، شۇغۇللىنىدىغىنى ئىجتىمائىيەت، كۆزلەيدىغىنى سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۇنۇمىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي سىستېما قىلىپ تۇرغۇزۇشقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە، نەزىرىيە، سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي... مەۋقەلىرىنىڭ ھەممىسىنىمۇ مۇشۇ مەۋقەنى چىقىش قىلىپ تۈزگەن، ئىجرا قىلىشقان. دېمەك، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپنى تۇتۇش، يۈكسەلدۈرۈش — ئۇلارنىڭ غايىۋى ھايات جەريانلىرىدۇر. شۇنداق ئىكەن، سەئىدىيىلەر جەمئىيىتى جۈملىدىن سەئىدىيىلەر مەدەنىيەت - مائارىپىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ھەرگىز دىنىي ئىدىيە ئەمەس. پەقەت پەننىي، ئىجتىمائىي ئىدىيىدۇر. يەنى دۇنياۋى پەن (مەدەنىيەت - مائارىپ) ئىدىيىسىدۇر.

### 3. مەدەنىيەت - مائارىپ قۇرۇلمىلىرى

ئۇ زاماندىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يۇقىرىدىقى يازما يادنامىدىن مەلۇمدۇركى، سەئىدىيە خانلىرى زامانىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى (ئابدۇرەشىتخان زامانلىرى)دىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى(مۇسۇلمان ئۇيغۇر رايونلىرى)دە 2263 مەدرىسە (ئوتتۇرا، ئالىي دارىلفۇنۇن — ئا)، مەكتەپخانا (باشلانغۇچ مەكتەپلەر — ئا)، 1533 مەسچىت، خانىقا بارلىقىدىن ۋاقىپلاندۇق. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئايان بولىدىكى، شۇ زامانلاردا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت - مائارىپ ئورۇنلىرى بىلەن دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرى تەشكىلىي قۇرۇلما، ئورۇن، تۈزۈم... جەھەتلەردىن بىر - بىرىگە قەتئىي يېقىنماي، ئارىلاشماي ھەر قايسىسى ئۆز مۇددىئا-لىنىيىلىرى، كەسپىي پەرقلىرى، مۇراد-مەقسەتلىرى بويىچە مۇستەقىل مۇئەسسەلەر سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئەڭ مۇھىمى ئىجتىمائىي مەكتەپ، مەدرىسىلەر بولسا مەسچىت، خانىقالاردىن كۆرۈنەرلىك جىق (730 ي ئارتۇق) بولغان يەنى 3784 مەھەللە - كەنت (شۇ زامانلاردا ھازىرقى قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرى بىرىكىپ 66 كەنت ھېسابلانغانىكەن — ئا)نىڭ ھەر بەشىدە ئۆت مەكتەپخانا ياكى مەدرىسە، ھەر ئىككى كەنتتە بىردىن خانىقا ياكى مەسچىت بولغانلىقىدەك بۇ سېلىشتۇرما سەئىدىيە مەدەنىيەت - مائارىپىنىڭ ئەمەلىي نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىسى ھەم ئېنىقكى: بۇ مەكتەپخانىلار بىلەن مەدرىسىلەر خاس مۇسۇلمان ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىلا مەنسۇپ بولۇپ، شۇلار ئۈچۈنلا قۇرۇلغان ھەم شۇلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. غەيرىي دىنىدىكى — تېخى ئىسلام دىنىدا بولمىغان سەئىدىيە پۇقرالىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئوقۇش- ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىنىڭ سانى بۇتخانا، ئىبادەتخانىلارنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان. بۇ يادنامىدە كۆرسىتىلگەن: تەرسالار بۇتخانىسى، مولتانلار، ھىندىلار بۇتخانىلىرى دېگەندەك بىشارەتلىك سانلار ئەمەلىيەتتە شۇزاماتلاردە چەرچەن، چاقىلىق تاغلىرىدا ياشاۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلار، مولتانلار، شىكلار، ھىندى، تاڭغۇتلار، تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار (سارت موڭغۇللار) قەبىلىلىرى ۋە باشقا نامۇسۇلمان تائىپە پۇقرالارنىڭ ئىبادەت، ئۆگىنىش، ئاقارتىش ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي ھېسابىدۇر. بۇ سانلىق ئىز-دېرەك بىزگە يەنە سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئىلكىدە ياشىغان غەيرىي دىنىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭ جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشقا ھەقلىق بولۇپ تۇرغانلىقى، يول قويۇلغانلىقى، ھۆرمەت قىلىنغانلىقىدەك ئىجتىمائىي تەڭلىك- ئادالەت ئىستىلىنىمۇ ئەسلەتمەي قالمايدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دى-

نى، مەدەنىيىتى، تىلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلى، جۈملىدىن مەدەنىيەت - مائارىپ يۈزلىنىشلىرىنىمۇ باشقىلارغا سىڭدۈرمىگەن، تاڭمىغان.

### 4. مەدرىسە، مەكتەپلەر

مەدرىسە، مەكتەپلەرنى تەشكىللەش قۇرۇلما جەھەتتىن مۇنۇ تۆت چوڭ تۈر - خىل بويىچە كۆرسىتىش كۇپايىدۇر.

**خانلىق مەدرىسلەر:** خانلىق مەدرىسلەر سەئىدىيىلەر زامانىنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، خانلىق مەركىزىدە، مەركىزي چوڭ شەھەرلەردە، خانلىق مەھكىمىلەر، مەشھۇر داھى ئەربابلار تەرىپىدىن، ھەر ساھە بويىچە يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدىغان چوڭ ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ ئىشتىراكلىرى بىلەن قۇرۇلغان. شۇ زامان ئۇلۇغلىرى (كاتتىلىرى)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مالىيىسى، مەبلىغى، ئىقتىسادى خانلىق خەزىنىلەردىن سەرپ قىلىنغان، خانلىق مەھكىمىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. بۇنداق مەدرىسلەرگە يەكەندە 1520 - يىللىرى ئەتراپىدا مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «مىرزا ھەيدەر مەدرىسى» (بەزى تارىخي خاتىرىلەردە بۇ مەدرىسە «مەدرىسەئى ئىقلىمات» — «جاھان مەدرىسى»دەپمۇ خاتىرىلەنگەن)، 1530 - يىللاردا سۇلتان سەئىدخان نامىدىن سېلىنغان يەكەن «خانلىق مەدرىسى»، 1640 - يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇللاخان تەرىپىدىن يەكەن ۋە قەشقەرلەردە قۇرۇلغان خانلىق مەدرىسلەر، يەنە شۇ چاغلاردا قۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان كۇچادىكى «ۋەلىيە»، ئوپالدىكى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» مەدرىسلىرى، 1630 - يىللار ئەتراپىدا قۇرۇلغان «ساقىيە» مەدرىسى قاتارلىق چوڭ يېڭى مەدرىسلەرمۇ كىرىدۇ. بۇنداق مەدرىسلەردىن «مىرزا ھەيدەر مەدرىسى»نىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا «يەكەن تارىخى»نىڭ «زوبدە تۇل ئەخبار» دېگەن كىتابىتىن كۆچۈرۈلگەن ستاتىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ مىرزا ئابابەكرگە ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. مىرزا ئابابەكرنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلمەسلىكىنى تىلەپ تۇرۇۋالىدۇ: «مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ نام- شەرىپلىرى نامىدا بىر كاتتا مەدرىسە ياساتسا، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە...» دەيدۇ. مىرزا ئابابەكرى گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن پىششىق خىش - كاھىشلىق ياسىداق مىرزا ھەيدەر مەدرىسىنى ياساتقاندى...» يەكەنلىك پېشقەدەم تارىخچى-ئۆلىمالارنىڭ ئەسلەشلىرىچە، بۇ مەدرىسىنىڭ مۇنارىسى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۈستىگە چىقىپ قارىسا يەكەن دەرياسى(30 چاقىرىملىق كۆجۈم ئارىلىق)نى كۆرگىلى بولىدىكەن. مۇنار ئۈستىگە چىقىپ - چۈشكۈچىلەر مۇنار ئېگىزلىكىدىن ھېرىپ، مۇنار ئۈستىدە قونۇپ قالىدىكەن. يەكەندىكى ھازىرقى چوڭ يېزىلار: ھەيدەر، جاھانباغلار ئۆز زامانىسىدا شۇ مەدرىسىنىڭ ۋەخپىلىرىدىكەن. بىزگە مەلۇمكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان مىرزا ھەيدەر سۇلتان ئابدۇرەشىتخانىنىڭ كۆيئوغلى، ۋەزىرى بولۇپ ئابدۇرەشىتخان تەرىپىدىن كەشمىر، ھازىرقى پاكىستان، ئافغانىستانلارنىڭ سەئىدىيىلەرگە تەۋە قىسمىنى باشقۇرغان. قەشقەر، يەكەنلەرنىڭ ھاكىملىقىنى قىلغان، مەشھۇر «تارىخي رەشىدى»نى يازغان مەرىپەت ھامىيسى، مەشھۇر زاتتۇر. «مىرزا ھەيدەر مەدرىسى»دە ئوتتۇرا ئاسىيا (ھازىرقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، شىنجاڭ، ئافغانىستان، كەشمىر، ھازىرقى پاكىستانلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ)، ئىران، مىسىر، تۈركىيە قاتارلىق ئۇر-

غۇن ئەللەردىن تەلەپلەر ياكى ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي دەلىللەر بار

**مەدرىسىلەر:** بۇ، ئادەتتە پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا بىر قەدەر تومۇملاشقان، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئامىۋى بىلىم يۇرتلىرىدۇر. بۇ خىل مەدرىسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تارىختا يۇقىرى، ئوتتۇرا قاتلام ھۆكۈمران شەخسلەر، ئالىم، ئولىمالار، دەرىجىلەر بويىچە ھەر خىل مەھكىمىلەر، دىنىي ئورۇنلار، جامائەت مۇئەسسەلىرى، پۇلدارلار، خەلقلەر «ساۋابلىق» ئىزدەپ ياكى نام-شەرەپ تەماسى بىلەن قۇرغان، بىر قىسمىنى بولسا، يەنىلا يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىنا قىلغان، چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە، ناھىيىلەر مەركەزلىرىدە، يېزىلاردا، ئاھالىلەر مەركەزلىرىدە قۇرۇلغان. باشقۇرۇلۇشى — تۈزۈمى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر، دىنىي ئورۇنلار، جامائەت بىرلىكلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان. ۋەخپە، ئەۋقاپ، سەدىقە، خۇدايى ئىئانە، ئىجتىمائىي ياردەم، ئىگىسىز مۈلۈك كىرىمى، مىراسخورسىز شەخسلەرنىڭ كۆچمە ۋە كۆچمەس مۈلۈكلىرى ۋە باشقا شەكىللىك، شەكىلسىز كىرىملەرنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن داۋاملاشقان. بۇنداق مەدرىسىلەرنى شۇ زامان تۈزۈمىنىڭ، كىشىلەر ھېسسىياتلىرىنىڭ خەيرىخاھلىقى، ھېسداشلىقى، ھامىيلىقى، ياردىمى، قوللىشى بىلەن ئەڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە خەلق بىلىم يۇرتلىرى، جەمئىيەت چىرىغى دەپ تەرىپلەش ئورۇنلۇقتۇر. قۇرۇلما، سالاھىيەت، ئورۇن، مەۋقە جەھەتتىن خانلىق مەدرىسىلەر (خانلىق، ئالىي - چوڭ بىلىم يۇرتلىرى)دىن تۆۋەنرەك، ئىپتىدائىي مەكتەپلەردىن يۇقىرىراق تۇرغان مۇنداق مەدرىسىلەرنى كىشىلەر تارىختا «خۇدايى مەدرىسىلەر» ياكى «جامائەت مەدرىسى» دەپمۇ ئاتاشقان. بۇنداق مەدرىسىلەر مەسىلەن: قەشقەردىكى «مەدرىسە كېرىمىيە»، «قازانچى مەدرىسى»، يەكەندىكى «مەدرىسە مۇھەممەدىيە» (بۇ مەدرىسىنى كېيىنكى چاغلاردىكى ئىشانلار: «مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 23- بوغۇم نەۋرىسى دەۋالغان مەشھۇر ئىشان مۇھەممەت شېرىپ نامىغا سېلىنغان» دەپ چۈشەندۈرۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، بىر ئويدۇرمىدۇر. بۇ مەدرىسىنىڭ 1594- يىلى سۇلتان مۇھەممەتخان نامىدا ياسىتىلغانلىقى توغرىسىدا تارىختىن يېتەرلىك دەلىل بار)، سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەپنە قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن 1534- يىلى يەكەندە ياسالغان «غازىيە» مەدرىسى، «مەدرىسە مەھمۇدىيە»، «ئوردانلىق مەدرىسى»، «ئارسلانباغ مەدرىسى»، «ھۆرىيەت مەدرىسى» (يېڭىساردا)، «سايرام مەدرىسى» قاتارلىق نۇرغۇن مەدرىسىلەر كىرىدۇ.

**ئىپتىدائىي مەدرىسىلەر:** بۇنداق مەدرىسىلەر تولاراق مەركىزىي يېزا، قىشلاقلاردا، يېزا، قىشلاق بازارلىرىدا، چوڭ مەسچىت، خانىقالارنىڭ يانلىرىدا، مازار، قەدىم جايلاردا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن شۇ يەرلەرنىڭ جامائىتى بىلەن جامائەت مۇتىۋەرلىرى، دىنىي ئەربابلار، ئىمام، خاتىپلار ... تەرىپىدىن جامائەت شاپائىتى بىلەن باشقۇرۇلغان. چىقىمى ئاتا - ئانىلار، كىچىك كۆلەملىك ئەۋلادى ۋەخپىلەر، ئامىۋى خەيرى - ئېھسان، جامائەت ئىئانىسى ... بىلەن ھەل قىلىنغان. ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن بالىلارنى ئوقۇتۇپ ئوتتۇرا قاتلام مەدرىسىلەرگە ئاتلىنىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

**كەسپىي مەكتەپلەر:** بۇ خىل مەكتەپلەر — تارىختا زاماننىڭ كەسپىي ئېھتىياجى، زۆرۈر-

يەتلىرى، ھاجەت، ئىمكانىيەت، شارائىتلىرىغا قاراپ تۈرلۈك ناملار بىلەن تەسىس قىلىنغان مەكتەپلەردۇر. يەكەن، قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، پەرغانە، تۇرپان ... لاردا 10—17- ئەسىرلەردە پەيدا بولغان «مەكتەپى سىپاھىيە» (ئەمەلدار، خادىملار تەربىيەلەش مەكتەپلىرى)، «مەكتەپى ئەمنىيەت» (سىياسىي، قانۇن مەكتەپلىرى)، «ئايىنەئى ساپارات» (ئەلچىلەر، ئەيىن- كى مەكتەپلىرى)، «مەكتەپى ھۇدۇدىيە» (چېگرا - تاموژنا خادىملىرى يېتىشتۈرۈش تەربىيەلەش لىرى)، «مەكتەپى شىپاھىيە» (سەھىيە مەكتەپلىرى) قاتارلىق ھەرخىل ئوقۇتۇش،رۇش مەكتەپ- ئورۇنلىرىمۇ ئاز بولمىغان. بۇنىدىن باشقا يەنىلا مەكتەپ - ئۆگىنىش ئورۇنلىرى شەكلىنى ئال- غان «نەغمىخانىلەر»، «سانايى نەپىسلەر»، نەغمە - ناۋا سورۇنلىرىمۇ ھەممىلا يەرلەردە تەش- كىل قىلىنغان. «تارىخىي مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى)دا بايان قىلىنىشىچە، ئابدۇرەشىت- خان زامانىدا ئۇيغۇر مۇزىكا ئالىمى قىدىرخان خوراسان، خارەزم، ئىران، ئىراقلاردىن كەل- گەن كۆپلىگەن مۇزىكا تالىپلىرىغا يەكەندە دەرس ئۆتكەن، مۇزىكا ئۆگەتكەن.

مەكتەپخانىلار: بۇ خىل مەكتەپلەر ئاساسەن كەنت - مەھەللە، مەسچىت، خانىقالارنىڭ جامائىتى، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، دىنىي، ئىجتىمائىي، كەسپىي ئابرويلۇقلار، بايلار، ئاخۇنلار، ساۋابلىق ئىزدىگۈچى شەخسلەر تەرىپىدىن چوڭ مەركىزىي كەنتلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان، ئورۇن، مەبلەغ، كۆچ، ئادەم (ئوقۇتقۇچى)، كەنتلەر، مەسچىتلەر جامائىتى تەرىپىدىن ھەل قىلى- نىدىغان، بەزىلىرى بولسا كەسپىي بايلار، موللا،ئاخۇنلار تەرىپىدىن شەخسىي قۇرۇلغان،مەسچىت ۋەخپىلىرىدىن، «پەيشەنبىلىك» كىرىملىرىدىن پايدىلىنىپ باشقۇرۇلغان ئىپتىدائىي مەكتەپلەر- دۇر. بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ھوقۇقى، ئوقۇش - ئوقۇتۇش، ئوقۇغۇچى ئېلىش، چىقىرىۋېتىش ئىشلىرى ئوقۇتقۇچى شەخسنىڭ ئىختىيارىدىلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ھوقۇق، ئىمتىياز- لىرى ھېچقانداق قانۇنىي كۈچ ياكى جامائەت پىكرى شەكىللىرى بىلەن چەكلەنمىگەن. ئۇ، كىم بالىسىنى ئەكېلىپ بەرسە، شۇنى ئوقۇتقان. كەلمىسە ئىزدىمىگەن. بالىلارنى شەخسىي ئىشىغا سېلىش، جازالاش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئەركىن «ئىمتىياز» قىلىۋالغان.

يۇقىرىقىدەك مەدرىسە، مەكتەپ شەكىللىرى تۆپ نېگىزىدىن ئالغاندا، تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە سەئىدىيە— ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۇرى-دىل چىرىغى ھېسابلىناتتى. سىنىپنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتماي- دىغان، تەتىل تۈزۈمى يوق، مەمۇرىي تەشكىلى، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، تۇتاش بىرلىككە كەلتۈ- رۈلگەن دەرس سېتكىلىرى ياكى باسقۇچلارغا ئايرىلغان دەرس جەدۋەللىرى، قائىدە - مىزانلىرى تۇتاش تۈزۈم شەكلى بىلەن قائىدىلەشمىگەن بۇ خىل ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بالىلارنى ئىجتىمائىيەتكە، ئاڭ - چۈشەنچىگە، تىرىكچىلىك قەددىمىگە، ئەخلاق - ئە- دەبكە قىسقىسى ئىجتىمائىي ئادەمگە يېتىلەپ كىرىدىغان ئىپتىدائىي ئاڭ خەزىنىسىدۇر.

### 5. مائارىپنىڭ ۋاقىت تۈزۈمى ۋە دەرسلىكلەر

سەئىدىيىلەر مائارىپى ئومۇمەن ھەر يىلنىڭ نورۇز بايرىمى (باش ئەتىياز بايرىمى)نى ئوقۇش بېشى—دەرس باشلاش مەۋسۇمى قىلىشنى ۋاقىت ئادىتى قىلغان. ئاتا - ئانىلار قىزىنى بەش، ئوغۇلنى يەتتە يېشىدىلا ئاساسەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئازنا، پەيشەنبە كۈنلىرى (ئەجدادلىرى- مىز بۇ كۈنلەرنى مەكتەپ كۈنلىرى—ئۇلۇغ كۈنلەر ھېسابلاپ ۋاقىت بېشى قىلىشاتتى—ئا)

تېگىشلىك خۇدايى داستىخانلىرى بىلەن بىللە ئەكېلىپ، ئۆز رازىلىقلىرىنى ئىپادە قىلىشىپ يالۋۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئەدەب - ئېھتىراملار بىلەن: «پەرزەنتىمىزنىڭ جېنى تەگرىمىزدىن، ئۇستىخىنى ئاتا - ئانا (بىز)دىن، ئىمانى - بەختى - ئىقبالى ئۇستازىدىن بولغاي» دېيىشىپ تۇتۇپ بېرىدىكەن. شۇندىن ئېتىبارەن بالا «مەكتەپ بالىسى» بولۇپ تۇرغان. بۇ خىل قائىدە بىلەن ئوقۇغۇچى ئېلىش سەئىدىيە مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپ نىزام - قائىدىلىرىدۇر.

مەكتەپ - مەدرىسلەرنىڭ مۇكەممەللىشىش، داۋاملىشىش، ۋاقىت، جەريان سىستېمىلىرى ئومۇمەن مۇنداق بولغان: ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇغۇچى ھامىيلىرىنىڭ ئۈمىد، ئىرادە، ئىمكانىيەت، تەلەپلىرىگە بېقىپ، جايلار ۋە ھەر خىل مەدرىسە، مەكتەپلەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بويىچە مائارىپ، ۋاقىت، جەريان سىستېمىلىرى بەرپا قىلىنغان. مەسىلەن، ئالايلى: نىسابى ئوقۇش (چېكىگە يەتكۈزۈپ ئوقۇش)قا تۇتۇنغان تەلەبە ياكى تالىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش- نى تاختىدىن باشلاپ (ھەرىپ ئۆگىنىشتىن باشلاپ) تاكى كىتاب بىلگىچە (كىتاب ئوقۇيالاي- دىغان، چۈشىنەلەيدىغان تولۇق ساۋاتى مۇقىملاشقان بولغىچە) 2 — 4 يىل (ئىككى يىلدىن تۆت يىلغىچە)، ئادەتتىكى ئىپتىدائىي مەدرىسلەردە بىر نەچچە ۋە بىر نەچچە خىل كىتابنى مۇتالىئە قىلىپ، ئوقۇش، ئوقۇتۇش، يېزىش، چۈشىنىش ساۋاتى بويىچە جەمئىيەتكە ياراپ تونۇلغۇچە 2 — 4 يىل، تولۇق ئوتتۇرا سالاھىيەتلىك مەدرىسلەردە ئادەتتىكى مۇددەرىسلىك سالا- ھىيىتىگە ئېرىشكۈچە 2 — 4 يىل ۋە خانىلىق مەدرىسلەر (ئالىي بىلىم يۇرتلىرى)دا جەمئىيەت ۋە زامان تەقدىرىدە ئالىم، دانا، يېتەكچى قەلەمدان شۆھرىتىنى تاپقۇچە 5 — 10 يىل ۋاقىت— جەريان سەرپ قىلىنىدىغان مائارىپ ۋاقىت سىستېمىسى — جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان. دېمەك، مۇشۇ ۋاقىت بويىچە بولغاندا بىر تەلەبە ئىپتىدائىي مەكتەپ- نىڭ ئىپتىدائىي سىنىپىدىن باشلاپ ئالىي مۇتالىئە مەكتەپ ھۇجرىلىرىغىچە ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن 12 يىلدىن 30 يىلغىچە ۋاقىت چىقىم قىلىدۇ. بۇ خىل ۋاقىت — بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئەنئەنىۋى «ئالىملىشىش» ۋاقتى دېيىلۇ ئاتالغان. بۇ خىل مائارىپ ۋاقىت سىستېمىسى: مېنىڭچە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىدىمۇ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كىشى- لەر ئۆمرىدە سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت، جەرياننىڭ ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت سىستېمىسىدۇر (ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئەڭ مۇھىم جەريانىغا تىكىلگەن باشقىلاردىن بەك ئارتۇق ئەڭ ئۇزاق ۋاقىتتۇر).

مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر ئاساسەن مەدرىسە، مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىدار ۋە سالا- ھىيەت پەرقلىرى بويىچە تۆۋەندىكى پەنلەر ساھەلىرىنى مەزمۇن قىلغان. دەرسلىك — مۇتالىئە، تەتقىقاتلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇلار: دىنىي دەرسلەر، ئىلمىي تەجۋىد (مۇكەممەل يېزىق ساۋاتى ياكى خەتتۇرۇشلۇق)، تىل، ئانا تىلى، ھەندەسە (ھېساب ئىلمى)، تارىخ، ئىلمىي ئىقلىمات (جۇغراپىيە)، ئەدەبىيات، ئەخلاق، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، روھىي ئىلىم (پسىخولوگىيە ياكى روھىي پەن)، كەزمە (تەنتەربىيە)، شىپاھىيە (تىببىي ئىلىم)، ئەل قانۇن، رۇشتە (توقۇمىچىلىق ئىلمى)، ئاھانگەرە (مېتاللىچىلىق ئىلمى)، ئىلمىي خەزىنە (مالىيە، ئىقتىساد ئىلمى)، ئىلمىي غايىب (كان قېزىش، ئىزدەش ئىلمى)، ئىلمىي تەبىئەت (تەبىئەتشۇناسلىق)، ئىلمىي سىپاھىيە (ھۆكۈمەتدارلىق ئىلمى)، رەققاسلىق (ئۇس- سۇل، سەنئەت)، چەپەرلىك ئىلمى(چاپاباشلىق)، ھەييارلىق ئىلمى (سېھىرگەرلىك)، مۇسىقا

ئىلمى(مۇزىكا - ساز ئىلمى)، خەتپۇشلۇق قائىدىسى(ھۆسن خەتچىلىك) قاتارلىق 90 خىلدىن جىقراق بولغان.

## 6. مائارىپ ئەخلاقى

سەئىدىيىلەر زامانىنىڭ مائارىپ ئەخلاقى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىسى، مەسىلەك داھىسى-سۇلتان سەئىدخاننىڭ: «... ئادالەتنى، ئەدەب (ئەخلاقنى دېمەكچى-ئا) نى، ئىنسان خاسىيىتىنى ئەلى يەزدى، ئەلىشىر ناۋائى، بابۇرى... لەر (سەئىدخاننىڭ بىرنەۋرە تۇغقىنى ئوبۇلقاسىم بابۇر كۆزدە تۇتۇلىدۇ-ئا) دىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلارنىڭ خىسلەت، پەزىلەتلىرىدىن ئۈلگە ئېلىڭلار، ئۇلار ئەدەب ئالىملىرىدۇر ... بۇيرۇغانلىرىنى قىلىڭلار ...» («دۇرنات خازىكەنت خوجا پادىشاھ» نىڭ «ناسىرەتنامە» بابىدىن-ئا) دېگەن سۆزىنى نەزەرگە ئېلىپ، تەبىئىيكى شۇ زامان بىلىمدانلىرى (ئالىم، داھى، مائارىپچى، پېداگوگ، ئەدىب، دانىشمەن ... لەر) نىڭ ئىنسانلار مائارىپچىلىرى ئۈچۈن تۈزۈپ مىراس قىلىپ كەتكەن، شۇ زامان مائارىپىدا جارى بولغان، ئەخلاقىي تەشەببۇس ۋە روھىي ئەدەب، مەجبۇرىيەتنامىلىرىنى ئەسلىمەي ئۆتەلمەيمىز.

مۇددەرىس توغرىسىدا ناۋائى مۇنداق يازغان: «مۇددەرىس شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇنىڭ غەرىزى مەنسەپتە بولماسلىق، بىلمەيدىغاننى بىلىمەن دەپ ئېيتماسلىق، ئۆزىم بىلەرلىك قىلماسلىق، ئۆزەمچىلىك بىلەن غەۋغا كۆتۈرمەسلىك، نادانلىقىدىن سەللىسىنى يوغان، چۇچىسىنى ئۇزۇن قىلماسلىق، مەدرىسىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىك، ئىلىم ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىن ئەلگە تەلىم بېرىش، بەپاكلاردىن ئۆزىنى ساقلاش، ناپاكلاردىن قېچىش لازىم. ئۆزى نادان ئەمما ئۆزىنى ئالىم چاغلاپ، يامان ئىشلارنى ياخشى ھېسابلاپ ناباپ ئىشلارنى قىلماسلىقى، يامان ئىشلىرى ئەلگە رەسىم - قائىدە بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مۇددەرىس يوق ئادەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى بولسا، ئۇنداق مۇددەرىس بىلەن ئىسلام ئەھلىنىڭ سۆھبەت قىلىشىنى توسۇش كېرەك. مۇددەرىس پەرىزكار ۋە ئاگاھ بولۇپ ئېيتقىنى: «قالەللا بىلەن قالە رەسۇلىللا» بولسۇن» (خۇدا ۋە رەسۇلۇللانىڭ دېگىنى بولسۇن-ئا).

ئوقۇتقۇچىلار توغرىسىدا ناۋائى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بىرقىسىم ئوقۇتقۇچى گۇناھسىز مەسۇملار (كىچىك گۆدەكلەرگە دېمەكچى-ئا) غا جاپا قىلغۇچىدۇر. ئۇ، بالىلارنى جازالاشقا ئامراق، زاتى قوپال، كۆڭلى قاتتىق، قاپىقى يامان، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلايدۇ. مىجەزىدە سۇسلۇق، ئەقلىدە كەملىك بار. يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار باركى (ئۇلار ئەڭ كۆپ-ئا) كىچىك-يۇمران بالىلارنى جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۆزىگە رام قىلىپ ئالالايدۇ. بالىلارنىڭ يامان قىلىقلىرىنى تۈزىتەلەيدۇ. كۆرۈنۈشتە قوپال كۆرۈنسىمۇ بالىلارنى تۈزىتىشتە ئېرىدىگەن قوغۇشۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ھېچقانداق كىشى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدۇ. كۈچلۈك بىر ئادەم كىچىك بىر بالىنى باشقۇرۇشتىن ئاجىزلىق ھېس قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىرمۇنچە شوخ، بەڭباش بالىلارغا ئىلىم، ئەدەب ئۆگىتىشتە نۇرغۇن جاپا چېكىدۇ. قانداق بولمىسۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ھەققى ناھايىتى كۆپتۇر. ئەگەر ئوقۇغۇچى پادىشاھ ياكى شەيخۇل ئىسلام ۋە ياكى قازى بولسۇن ئوقۇتقۇچىغا قۇللۇق قىلغان خوپراقتۇر. ئۇنىڭدىن ئۇستاز رازى بولسا ئاللاھ رازى بولىدۇ...» («مەھبۇبۇل قۇلۇب» تىن)

سەئىدىيەلەر بىلىم يۇرتلىرىدا تالىپلارنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئەقلىي تەسەۋۋۇرلىرىغا ياندىشىپ مەرىپەت تەرغىباتچىلىقىنى قىلىدىغان مائارىپ ناتىقلىرى ياكى قولاق موللىلىرى (ۋەقەشۇناس ۋايىزلار) دائىم مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە نۇتۇقلار بېرىپ تۇرۇشاتتى. بۇ خىل نۇتۇقلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى توغرىسىدا شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇنۇ بەزى مىسالى تەۋسىيەتلەرنى ئەقلىيە سۆزلەر شەكلىدە كۆرۈپ بېقىش ئورۇنلۇقتۇر.

ئۆزىدە سېخىلىق، ئىلىم ۋە ساداقەت سۈپەتلىرى يېتىشكەن كىشى مەرد بولالايدۇ.

ھەققانىيەت ئۈچۈن كەلگەن بالا - قازانى راھەت بىل.

خەلق پايدىسى ئۈچۈن ئۆزەڭنىڭ زىيىنىڭغا رازى بول.

زىيادە مۇبالىغە ۋە مەدھىيىچىلىك - شائىرنى يالغانچىلىققا باشلايدۇ.

مەدھىيە، مۇبالىغەڭ ئۆزلىگەنسېرى ئۆزىڭ شۇنچە قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ خورلىنىسەن.

ئاچچىقىڭنى ئاشكارىلىماسلىققا ئادەت قىل.

خالىمىغان ئىشىڭنى كىشىگە تاڭما.

قازى خاپا بولغان كۈنى ئىشىكى ئالدىغا بارما.

مۇناپىقتا ياخشىلىق قىلىش ياخشىلىقنى زايا قىلىشتۇر.

كىشىگە دۈشمەن بولما، كىشى دۈشمەن بولمەن دېسە، قورقما.

مەنىسىز سۆھبەتداشلىقتىن تەنھا خىيال ياخشى.

بۈگۈنكى مېھنەت ئەتىنىڭ راھىتى.

ھورۇنلۇق بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى.

ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەنمىگەن كىشى، بېچارىلىككە رازى بولغانلىقتۇر.

تەلۋىگە بېرىلىدىغان ياخشى جاۋاب سۈكۈت.

ئۆز پەرزەنتىدىن ھۆرمەت تەلەپ قىلغۇچى كىشى، ئاۋۋال ئۆزىمۇ ئاتا - ئانىسىغا قانداق قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسۇن.

ئاتا - ئانىنىڭ قەرزى — پەرزەنتلىرىنى مال - دۇنيالىق قىلىپ قويۇش ئەمەس، بىلىم، ھۈنەرگە ماھىر قىلىپ قويۇش.

## 4. پۈتۈكچىلىك ۋە دەپتەردارلىق سەنئىتى ھەققىدە

سەئىدىيەلەر زامانىنىڭ ئالتۇن چاغلىرى (سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ... لار زامانلىرى) دا پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا ئالاھىدە ئېتىبارلانغان، يۈكسەلدۈرۈلگەن مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەت تۈرلىرىدىن بىرى—پۈتۈكچىلىك (خەتتاتلىق، خەتچەكچىلىك، مىرزىلىق ...) ۋە دەپتەردارلىق (ئارخىپشۇناسلىق، دىۋانچىلىق، كۆچۈرمىچىلىك، رىسالەۋازلىق...) سەنئىتىدۇر. بىز بۇ خىل سەنئەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن يەنىلا ئەڭ ئالدى بىلەن تارىختا بۇ خىل تەرەققىيات يولىنى ئاچقان ئەقىللىق ئۇلۇغ سەۋەبكار زاتلار بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىشلارغا قاراتقان غايىۋى جەريانلىرىنى قىسقىچە تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز، ئەلۋەتتە. «تارىخىي رەشىدى»— (زەيل ) دە كۆرسىتىلىشىچە: سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخانلار... گۈزەل خەت، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك (خەتكە ھەل بېرىش)، مۆھۈر ئويۇش، زەرگەرلىك، نەققاشلىق، مېمارلىق، سازچىلىق ... ئومۇمەن خەلق شادلىقى، جەمئىيەت مەدەنىيەت—سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆز ئىمكان، كۈچ - قۇدرەتلىرىنى زادىلا ئايىمىغان زاتلاردىن ئىبارەت بولغان. ئۇلارنىڭ ئەل تۇتۇش مەۋقەلىرى: «خان قانداق بولسا، پۇقراسى شۇنداق بولۇر، زاماندار قانداق بولسا، ئۇنىڭ جاھانسازلىرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشەر، دورار... خانغا بېقىپ پۇقرا، ئاتىغا بېقىپ بالا ئۆسەر، ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم... »، «پادىشاھ بىلىمدان، ئادىل بولسا بىلىمدان، ئادىللارنىڭ پادىشاھى بولغاي، نادان، نائادىل پادىشاھ بولسا نادان، نائادىللارنىڭ پادىشاھى بولغاي...» («بەلەن گەپلەر» دىن) دېگەن مەۋقەلەردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ زامان ئەقىل ئۇستازلىرىدىن بىرى بولغان ناۋائىينىڭ: «... كىمكى پادىشاھلارغا مۇلازىم ۋە تەۋە بولسا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ئوخشاشلىق بولىدۇ. ئەگەر پادىشاھ ئادىل بولسا، خەلقنىڭ ئىشلىرىدىمۇ ئادالەتنىڭ تەسىرى بولىدۇ. ئەكسىچە پادىشاھ زالىم بولسا، خەلقنىڭ زۇلۇمدىن قورقۇنچىسى بولىدۇ... ھۆكۈمالار پادىشاھلارنى دەرياغا، ئۇنىڭ خەلقلىرىنى دەريا ئەتراپىدىكى ئۆستەڭ -

لەرگە ئوخشىتىدۇ. دەريا سۈيىدە نېمە خاسىيەت ۋە قانداق كەيپىيات بولسا، ئۈستەڭلەرنىڭ سۈيىدىمۇ شۇ خاسىيەت ۋە شۇ كەيپىيات بولىدۇ... ئۇ ئاچچىق بولسا، بۇمۇ ئاچچىق، ئۇ تاتلىق بولسا، بۇمۇ تاتلىق، ئۇ دۇغ بولسا، بۇمۇ دۇغ، ئۇ سۈزۈك بولسا، بۇمۇ سۈزۈك بولىدۇ...»

دېگەن ئەقلىيە ۋەسىيەتلىرىنىڭ سادىق ئىجابىي فىداكارلىرى ھەم جارىچىلىرىدۇر. مانا بۇ خىل ئىجتىمائىي ئېڭىدىق مەۋقەلەرنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى، خانلارنىڭ ئۆزرىسىز ۋە ئۆزلۈكسىز تەشەببۇس، خاھىشۋى ئېسىم، ئەخلاقىي دالالەتلىرى تۈپەيلىدىن جەمئىيەتنىڭ پۈتۈكچىلىك،

دەپتەردارلىق سەنئىتى ئالاھىدە شەكىل ئالغان ۋە تازا ئىلمىي ئىز بىلەن جانلاندۇرۇلغان، ئومۇمىيلاشتۇرۇلغاندۇر. شۇ زامانىنىڭ بۇ خىل خاسىيەتلىك سەۋەبكار يېتەكچىلىرىنى سېغىنىش، ئەسلەش، ئۇلارنىڭ يول، تەشەببۇسلىرىدىن پايدىلىنىش، ۋارىسلىق قىلىش — مېنىڭچە بىزنىڭ ئەڭ ئېسىل مىللىي خىسلەت ۋە ۋىجدانىي بۇرچىمىزدۇر، ئەلۋەتتە.

ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

— ناۋائى

## پۈتۈكچىلىك ھەققىدە قىسقىچە تەرىپاتلار

ئۇلۇغ ئەدىب ئەلىشىر ناۋائى (1441 — 1501) ئۆز زامانىدا پۈتۈكچىلىك سەنئىتى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: «...كاتىپلار (پۈتۈكچىلەر — ئا) شائىر سۆزىنىڭ گۈزەل ۋارىقى، سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىچىسىدۇر... ياخشى يېزىلغان خەت ۋە جىمكىتلەر گۈزەلنىڭ يۈزىدىكى خالدەك كىتابنىڭ بەتلىرىگە زىننەت بېرىپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىغىمۇ راھەت كەلتۈرىدۇ... خەت يازغۇچىنىڭ خېتى توغرا بولۇپ، ئۇ بىرىياكى يۈز بېيىت يازسا، توغرا ئادەملەرنىڭ كۆڭلى دەرھال ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر خەت يازغۇچىنىڭ خېتى سەت بولسا، خەتتىكى مەنالار ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشەنچىسىنى مۇجمەللىككە سېلىپ قويىدۇ. خۇشخەت بولۇپ خېتىدە خاتا كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قولى يالەچكە گىرىپتار بولسۇن. ئۇ خىل كاتىپلار چېكىتنى ئۆز جايىغا قويماي ھەببىنى خەبىي، مۇھەببەتنى مېھنەت قىلىپ يازىدۇ. ئۇ خىل كاتىپلارغا يۈز لەنەت. خېتىمۇ يامان بولۇپ (سەت بولۇپ دېمەكچى — ئا) خاتاسى ھەم كۆپ بولسا، ساقىلىنى يۇلۇپ ئالغان قېرىغا ئوخشاش مەسخىرىگە قالىدۇ... ياخشى كۆرگەن كىشىدىن كەلگەن مەكتۇبنىڭ خېتىمۇ، مەزمۇنىمۇ ياخشى بولسا، تولىمۇ ياخشىلىقتۇر...»

مىلادى 1907 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە ياشاپ ئىجاد قىلغان كلاسسىك شائىر، خەتشۇتاس — مەكتەپلىك ئۇيغۇر ئەھمەت ئىگەمبەردى ھاجىم ئوغلى① پۈتۈكچىلىك سەنئىتى ھەققىدە ئەينى چاغلاردا يەنە مۇنداق يازغان:

«... خەتنىڭ چىرايلىقلىقى دىلدارنىڭ ھۆسنىدىن چىرايلىقراقتۇر. ئۇ، قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدىغان بىر ئايغا ئوخشايدۇ، ھەر گۈلنىڭ خازان ۋاقتى بولىدۇ. چىرايلىق خەتنىڭ خازانى بولمايدۇ. ھەمىشە گۈلزاردەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئەي ئوغلۇم خېتىڭنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا تىرىشقىن. خەتكە كۆپ ئەجىر قىلغايسەن. ئاللاھ تائالا سېنى ئەزىز قىلىدۇ. ھەممە ئالەمگە سەرۋەر بولۇرسەن ... ئەي تالىپ مەشق قىلغىل، تاكى ئالىملارنىڭ ھۆسنىگە مەنزۇر (مەنزىرە — ئا) بولۇرسەن. جاھاننىڭ ھەممىسىگە سەرۋەر بولماقىمۇ خەت بىلەندۇر ... «قالە ئەلەيھىسسالامۇ ئەلخەتتۇ نىسپىل ئىلىم» — جانابى ھەزرىتى رەسۇلىللاھى ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «خەت دېگەن ئىلىمنىڭ نىسپىدۇر» دېگەنىدى ... كىمكى خېتىم چىرايلىق بولسۇن دېسە، پۈتۈۋەرگەي، پۈتۈۋەرگەي، پۈتۈۋەرگەي ...»

يۇقىرىدىكى تارىخىي تەرەققىياتلارنىڭ بىرسى (ناۋائىي تەرەققىياتى) سەئىدىيەلەر ئالتۇن دەۋرى-نىڭ پۈتۈكچىلىك ئىلمىي مىزانى ۋە يېزىقچىلىق ئەخلاقىي دەستۇرى بولغان بولسا، كېيىنكىسى (ئەھمەدى تەرەققىياتى) شۇ زامان تەسىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى قىممەتلىك داۋامى ھەم ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىك سەنئىتىنىڭ ھازىرقى زامان نەزىرىيىسى، مىزانى سۈپىتىدە بىزگە تەۋەررۈكتۇر. سەئىدىيەلەر زامانىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بەزى ئىلمىي ئەستىلىكلەر (زاماندىن زامانغا ئۆلىنىپ قەلەمگە ئېلىنىپ كەلگەن «بەلەن گەپلەر»، «ئۇندىن-مۇندىن» دېگەندەك ماۋزۇسىز كۆچۈرۈلمە خاتىرىلەر)دىن بىلىشىمىزچە، سەئىدىيەلەر زامانىنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن ئەھلى ئىلىملىرى جەمئىيەتتە بەدخەتچىلىككە (خەتنى قائىدىسىز، ناباپ، سەت يېزىش - ئوقۇشقا — ئا) قارشى ئەخلاقىي، ئىستىمال جەھەتلەردىن پىششىق يەكلەش شەكىللىرى بىلەن ئاشكارا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈكچىلىك سەنئىتىنىڭ راۋاجى، ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن قىممەتلىك ئىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ۋە بۇ ھەقتە مەلۇم ئىلمىي ئادەت شەكىللىرىنى جەمئىيەتكە سىڭداپ ئومۇملاشتۇرۇشقاندۇر. مەكىتلىك پىشقەدەم مائارىپچى، ۋەقەشۇناس («قۇلاق موللىسى») مامۇت ئىسلام② سەئىدىيەلەر زامانىنىڭ بۇ خىل خاسىيەتلىرىنى تەرىپلەپ ئۆزىنىڭ

---

①ئەھمەت ئىگەمبەردى ھاجىم ئوغلى — مىلادى 1907 — 1908 - يىللىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزا پاختىلىق كەنت چېكىلىك مەھەللىسىدە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1920 - يىلدىن ئېتىبارەن قەشقەر ھېيتكار مەدرىسىدە ئوقۇشقا كىرىشىپ، 1927 - يىلغىچە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ھەم مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتى بىلەن ئەلىكە بولۇپ، مۇكەممەل تونۇشقان ھەم ئوقۇشنى ئەلا تاماملاپ، تاكىلىمۇللاشقان. تالانتداشلار بىلەن ياندىشقاندىن كېيىن، مەكىتكە قازى بولغان. شائىرلىق، خەتتازلىق قىلغان. 1933 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپچىلىقى، ئىلغار، دېموكراتىك ئىلمىي ئاڭ ۋە ئىلمىي غورۇر تەرغىباتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ زامان ئىلغار كۈچلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ تونۇلغان. 1937 - يىللىرى ئەتراپىدا قانخور شېڭ شىسەي كۈچلىرى تەرىپىدىن سىقىن قىلىنغان (تۇتقۇن قىلىنىش، تەقىپلىنىش، يوقىتىلىش ئوبيېكتى قىلىنغان). شۇ خەۋپ سەۋەبىدىن 1939 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە يەكەن، يېڭىسار، پەيزاۋات ... لاردا يوشۇرۇنىدى مۇساپىرەتچىلىك ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپ، 1941 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 34 يېشىدا دەرد بىلەن ئالەمدىن كەتكەن. بۇ تالانتلىق ئۇيغۇر ئەدىبىنىڭ ئۆمۈر بايانى توغرىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزدىنىش قىلغان ھۆرمەتلىك ۋەتەنپەرۋەر ئىلمىي ئاپتور — يولداش ئابدۇرېھىم سابىت ئۆزىنىڭ «ئەھمەدى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «... ئۇز ھاياتىدا 3800 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، رۇبائىيلارنى يازغان. شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئىككى كىتابىنى ۋە «لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نەسىھىتى» دېگەن ئەسىرىنى نەزمە شەكلىدە، مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا بىر قۇرنى بىر مىسراغا سىغدۇرۇش ئاساسىدا پارىسچىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە، تەھرىر قىلغان. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ئىچىدە يەنە زەمەخشەرىنىڭ «ناۋا بىخول كەلىم» دېگەن كىتابىنىڭ نەزمە شەكلىمۇ بار. ھازىر رەتلىنىشى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ساقلىنىشى مۇكەممەلسىزرەك (ئەسلى رەتلىنىشى دەخلىگە يولۇققان دېمەكچى — ئا) ئىككى پارچە دىۋانى (قىممەتلىك ئىلمىي توپلام كىتابى) بار. بىرىنچى دىۋانىدا «كەيدان»، «رىسالەئى رەپىقى سابابە»، «ھەدىس»، «ھەدىس مۇنتەخبە»، «مۇفتاھۇل ئەدەب» (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسىرى)، «قۇتبىمى ئىزھار» قاتارلىق قازان، تاشكەنت، لاھور مەتبەئەلىرىدە بېسىلغان ۋە قولىيازما قىلىپ كۆچۈرۈپ ئالغان ئەسەرلەر بار ... ئاپتورنىڭ يەنە «ئەجرومىيە» (تىل قائىدىسى — ئا)، «قائىدە مەكتۇب» (خۇشخەت يېزىش قائىدىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا.»

② مامۇت ئىسلام — 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن، قاغىلىق، مەكىت، يەكەن، ئۈرۈمچى ... لەردە مائارىپچىلىق قىلغان. جامائەت خەتپۇرۇشلۇقى، ھۆسن خەتچىلىك، ھۆسن خەت تارىخى بىلەن شۇغۇللانغان. جامائەت يىغىلىشلىرىدا ئىلىم - پەن تەرغىباتچىلىقى ۋە جامائەت بىلەرمەنچىلىكى بىلەن تونۇلغان. مەكىتتە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋەقەشۇناس شەخسدۇر — ئا.

«ئۇندىن ـ مۇندىن» دېگەن خاتىرىسىنىڭ «بەلەن گەپلەر» قىسمىدا مۇنداق يازغان: «... خانلارنىڭ سەردارى سەئىدىيىلەرنىڭ پاناھى ھەزرىتى ئابدۇرەشىتخان زامانلىرىدا ... مالائىكىدىن ئىنسانغىچە، شاھتىن گادايغىچە، موللىدىن نادانغىچە، گوادىن تادانغىچە ... ھەممىسى سەنئەت ۋە سەنئەتچىلىكتىن بىزار بولاتتىلەر ... بەدخەت ـ قەغەزدىن قەغەزگە، كىتابدىن كىتابقا، خەقتىن خەققە يۈگۈرۈپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق سەنئەت ۋە سەنئەتچىلىكنىڭ كىتابىي خەزىنىسى دېيىشلەر ئىدى ... بەدخەت تالىپ پېشكەللىك ھەمراھىدۇر. خەتتاتلارنىڭ ئەرەجىمەندۇر. ئۇنداقلارغا مەرتىۋە زايا بولۇر. ھۆرمەتقىممەتسىزلىشەر... بەدخەت ـ قاغىشقىمۇ، كۈلكىگىمۇ خېتى بىلەن قالار... بەدخەتنى ئۇستازى ئەگەشتۈرمىگەي، دۇئا بەرمىگەي، خېتىدىن لەززەت، ھۆرمىتىدىن ئابرويى ئالمىغاي، دوستلۇقتا يەكلىنىگەي، يارانلىرىدىن ئېتىبار كۆرمىگەي... ئۇلارنىڭ ھەۋەس ئىقتىدارى گۇنۇس، مىجەزى ـ خۇلقى زىل ۋە نەپىس ئەمەس، تۇراقسىز، خىيالىي كۆچمەدۇر. ئۇلار قەلەمىي ئالىم، ئەللەما، قازى، ھۆكۈما، ئەل باشلىقى، يۇرت سەردارى، جاھانساز ۋە نازۇك بولۇشقا يېتىشمەس... ئۇلار... قولى قىسقا بايغا، ئاۋازسىز نەغمىچىگە، پەردازسىز قىزغا، گۈلسىز زىلچىغا، رەڭسىز قوغۇن، بويالمىغان مەشۇت، بىنەپەس قارىدىغا... ئوخشار».

## شۆھرەتلەنگەن ئەنئەنە

سەئىدىيىلەر مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە پەخرەن خاراكتېرى شۇ يەردىكى، خەتتاتلىق ـ ئۇ چاغلاردا جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران يېزىق ئەخلاقى، دۆلەت، مىللەت ھاياتىنىڭ زىننىتى، دەۋرنىڭ غۇبارسىز نۇر تىزمىسى سۈپىتىدە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتلەنگەندۇر.

يەنى ئۇ چاغلاردا دەرسلىكلەر، نادىر ئەسەرلەردىن تارتىپ ھەر خىل نامىلەر (ئىجتىمائىي يېزىقچىلىق ئالاقىلىرىنىڭ ھەممىسىلا) خۇشخەت، راۋان خەت ـ «مالالسىز خەت» (ئوقۇشتا قىيىنالمايدىغان پۇچۇركا ـ ئا) شەكلىدە يېزىلىشى مۇتلەق شەرت قىلىنىدىغان بولغان. خۇددى يولداش ئابدۇللا تالىپ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن ئەسىرىدە قوشتالىغىنىدەك: مۆھۈر، تامغا، قەبرە تاشلىرى (قەبرە بەلگىلىرى ـ ئا)، مەدرىسە، گۈمبەز، مۇنار، ئىمارەت، سەيلىگاھ ... لارنىڭ تاملىرى (ھاجەتلىك كۆركەملىرى ـ ئا)غا كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ھۆسن خەتلەر يېزىلغان، نەقىشلەنگەن. گۈل چىقىرىپ ئىچىگە نەقىش شەكلى بىلەن قوندۇرۇلغان ھۆسن خەتلەر ئىمارەتكە (نەپىس، مېمارچىلىق كۆركەملىرىنىڭ ھەممىسىگە ـ ئا) سىن (زىننەت، ھەيۋەت، نەپىس سەنئەت تۈسى ـ ئا) كىرگۈزۈپ، كۆركەملىكى (ھەشەمەتلىكى ـ ئا) نى ئاشۇرۇپ تۇرغان. شۇ زامانلاردا خەتتاتلىق سەنئىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر تولۇق بىلىملىك ھېسابلانمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆسن خەت سەنئىتى خانلىق مەدرىسلەرنىڭ (مېنىڭچە بارلىق مەدرىسە، ئاقارتىش، يېزىقچىلىق ئورۇنلىرى بىلەن ھۆكۈمەت، دىنىي ئورۇنلارنىڭ، پۈتۈكچىلىك، دەپتەردارلىق ساھەلىرىنىڭ ـ ئا) ھەممىسىدە رەسمىي دەرسلىك، ئۆگىنىش مۇتلەق شەرت قىلىنغان ئىلمىي نىزام سۈپىتىدە ئۆگىتىلىدىغان بولغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەتتاتلىرىنىڭ ئەسلەش، ئىزدىنىشلىرىدىن بىلىشىمىزچە، شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھازىرقى ئۇيغۇرچە ھۆسن خەت نۇسخىلىرى (خېتى پارسى، خېتى تۈركى، خېتى پۈشتى، خېتى ئەرەبى، خېتى رۇقئە يەنى پارسىچە، تۈركچە، پۈشتۇچە، ئەرەبچە، رۇقئەچە خەت شەكىللىرىنى قوشۇمچە شەكلەن ئەۋرىشكە قىلىنغان ھەممىسى خەت نۇسخىلىرى) نىڭ تۈر ـ شەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولماقتا. بۇلار: «خېتى تەئلىق»، «خېتى رۇقئە»، «خېتى دىۋان»، «خېتى سۇلۇس»، «خېتى جەللى سۇلۇس»، «خېتى

كۇفىي»، «خەتتى نەسخى»، «خەتتى ئىجازەت»، «خەتتى مۇھاققەق»، «خەتتى نايىپ»، «خەتتى تۇز».. دېيىلىپ كەلمەكتە. بىزنىڭ ھازىرقى خەتتېپۇرۇشلۇق ھەتتاكى ھۆسن خەتچىلىك سەنئىتىمىزدە تولۇقراق يېزىلىپ كېلىۋاتقان «خەتتى تۇز» خەتچىلىكى — خەتچىلىك تارىخىمىزدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، شاگىرتسىز قالغان خەت شەكىللىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى تېپىپ ئېلىشىمىز ۋە پۈتۈكچىلىكىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك نەق مەنبە ھېسابلانماقتا.

## دەپتەردارلىق ياكى قەلەمدانلىق توغرىسىدا

دەپتەردارلىق—قەلەمدانلىق—تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئارخىپچىلىك (تەزكىرىچىلىك، شەجەرىچىلىك، ئىجتىمائىي ۋەسىيەتچىلىك، تارىخ ماتېرىيالچىلىقى ۋە ھۆكۈمەتدارلىق ...) ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنى توپ مەنبە قىلغان بىر خىل زۆرۈر ئىجتىمائىي سەنئەتتۇر.

ئىنسانلار ھەر قانداق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغاندا دەپتەر (يېزىق خاتىرىسى) شەكىللەندۈردى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇنى ئاساس قىلىپ ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى كۆزىتىدۇ، ئۆگىنىدۇ، بىر تەرەپ قىلىدۇ. دېمەك، بۇ خىل زۆرۈر سەنئەت—جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى، سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر، ئىلمىي تەجرىبە كۆرۈشىدىن ئىبارەت توپ، چوڭ ساھەلەرنىڭ ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا بىۋاسىتە ھاسىل بولغان چىن تارىخىي خاتىرە ۋە قىممەتلىك مەدەنىي بايلىق بولغىنى ئۈچۈن، ھەر قانداق زامان، ھەر قانداق ھاكىمىيەت، ھەر قانداق شەخس ۋە ھەر قانداق ھادىسە ئۈچۈن مەڭگۈ ئېتىبارسىزلانمايدۇ، قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى زۆرۈرلىشىپ باردى. ئادالەت-ئادالەتسىزلىك، ھەقچىلىق - ناھەقچىلىق، مەغلۇبىيەت-غالىبىيەت، ھادىسە-جەريان. . . ۋە جىمىكى ئالەم ھادىسىلىرىنىڭ يېزىقتا مەنسۇپلاشقان ۋە يېزىقتا ئېلىنغان قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ خىل سەنئەت ئۈچۈن ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ نازۇك مەنبەدۇر.

سەئىدىيەلەر زامانىدىكى ئومۇمىي تارىخىي جەريان، ۋەقە، ھادىسە (تۈزۈم، خاراكتېر، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئەخلاق، ئىقتىساد، كۆرەش، ئادەت، سىياسەت. . . قاتارلىق جەمئىيەت پەنجىلىرى)لەرنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بىزگىچە بىر قەدەر قويۇقراق، ئوچۇقراق ئۆلىنىپ يېتىپ كېلىشى — شۇ زامان دەپتەردارلىق سەنئىتىنىڭ نەقەدەر ئىلمىي مۇكەممەللىكى، پۇختىلىقى ۋە سىجىللىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھەقتە جامائەتچىلىكىمىزگە شۇ زامانلاردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن يېزىقچىلىق ئىلمىي مەنبەلىرىدىن بەزى مىسالى خاتىرىلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش چۈشەنچىمىز ئۈچۈن ئورۇنلۇق قوشۇمچىدۇر. مەرھۇم ۋەقەشۇناس ماموت ئىسلام يېزىپ كەتكەن «ئۇندىن-مۇندىن» دېگەن قوليازمىنىڭ «بەلەن گەپلەر» قىسمىدا رىۋايەت شەكلى بىلەن مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... ئۇ زامانلاردا خانلىق ئورۇدلار، خانلىق مەھكىمىلەر، مەھكىمە شەرئىيەلەر، مۇتالىئە، ئەدلە، خەزىنە، سىپاھ. . . مەھكىمىلىرى (شەرىئەت، تەتقىقات، ئەدلىيە - قانۇن، مالىيە - ئىقتىساد، ھەربىي... ئورۇنلار دېمەكچى — ئا)، ساپارەت، مەمۇرىيات، ساياھات، باراۋات، تىبابەت، مەسلاھات... (ئەلچىلىك، مەمۇرىيەتچىلىك ياكى ھۆكۈمەتچىلىك، ساياھەتچىلىك، كىرىم - تاپاۋەت، تىببىي داۋالاش، كېڭەش ئورۇنلىرى... دېمەكچى — ئا)، مەدرىسە، مەكتەپ، ئەۋقاپ ۋە ئىستام... ئورۇنلىرىدىن تارتىپ (ئالىي، ئوتتۇرا ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى، تۆۋەن ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر، خانلىق ھەم جامائەت ھېسابىدىكى ئېلىنىشقا تېگىشلىك يەر، زېمىن ھەققى ۋە باجلىرىنى شەكىللىك ۋە شەكىلسىز كىرىم، دەخلىسىز ھۆكۈمەت ھەققىلىرىنى يىغىپ ئېلىش، باشقۇرۇش ئورۇنلىرى) يېتىم - يېتىملەرنى، ئەمگەكسىز، ئىگىسىز - بىقىممىغىلا بېقىنىدىغان (بىر تەن بىر جان بېقۇۇل ئىنسانلارنى بېقىش - پاناھ بولۇش ئورۇنلىرى دېمەكچى — ئا)لارغىچە ھەممىلا مۇئەسسەلەرنىڭ دەپتەر - دىۋانلىرى (ئارخىپلىرى دېمەكچى — ئا) بولغان. . . ئۇ خىل دىۋانلار ھەر

قانداق ۋاقىتتا ئەڭ ئېتىبارلىق، ھەرقانداق چاغ، ھەرقانداق سەۋەب، ھەرقانداق ھۆكۈمران ۋە ياكى ھەر قانداق جەڭگى-مۇجادىلىلەر چاغلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا قەتئىي دەخلىسىز بولغان ئىكەنلەر...» بەزىبىر تېرىندى خاتىرىلەر، خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەسلىمىلىرىدىن ھازىرچە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈردىمىزكى: ئۇ زامانلاردا ھەرخىل مۇكەممەل قانۇنلارنىڭ بولغىنىدىن سىرت، رىسالىسىز كاسىپ-ھۈنەرۋەن، شەجەرىسىز ئۇرۇق - قەۋم، جامائەت، خاتىرىسىز سورۇن، ۋەقە، دادىخا، تەزكىرىسىز جاي-ماكان (يۇرت)، نەسەبنامىسىز چوقا (باش)، ئەنگە ئېلىنمىغان ئەۋلادى ۋەسىقە، ئەرز، مىراسنامە، دىۋانسىز مەھكىمە، ئوردا، ھۆكۈمدار ياكى ئالىم، ئەدىب قازىناقلىرى (ئىلمىي ئەسەرلەر، كىتابلار خەزىنىلىرى كاتولوگلىرى)، ھۇدۇد (چېگرا)، تاغ، دەريا، سۇ، كۆل، ئورمان، كان، مەدەن، يايلاق، چارۋا مال، مال خىللىرى، سودا، ئېكىنزارلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەر، تىرىكچىلىك... قىسقىسى - خانلىقىنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگىچە، ئاسمىنىدىن يېرىگىچە، ئۇ ھۇدۇدىدىن بۇ ھۇدۇدىغىچە، كۈندۈزىدىن كېچىسىگىچە، ئادىمىدىن ھاشارىتىغىچە، ھاۋاسىدىن ئاپتىپىغىچە، يېمىدىن يىگىنىسىغىچە دەپتەرلەنمىگەن (ئېلىنمايدىغان ھېساب، ئىز-دېرىكى يوق ئادەم، ئىگىسى يوق يەر... ۋە باشقا) ھېچنەرسە بولمىغاندۇر (يۇقىرىدا بېرىلگەن بىر ۋاراق يازما يادنامە يۇقىرىقى گەپلىرىمىز ئۈچۈن قوشۇمچە مىسالدۇر). ئوردا، مەھكىمىلەر، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مۈلكى، ھەربىي، ئەمنىيەت، قانۇن، ساپارات... ۋەھاكازا ھەردەرىجىلىك يېتەكچى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كاتىبات مەھكىمىلىرى دۆلەت ئېتىبارىدىكى ئورۇن دەرىجىلىرى جەھەتتە ھەردەرىجىلىك ھەرقانداق چوڭ - كىچىك، يۇقىرى - تۆۋەن ئوردا، مەھكىمىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەڭ تۆردىدىن - تاجىسىزلارنىڭ باش ئوردىسى، ئوردىنىڭ مېڭە ئاپپاراتى سۈپىتى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرغاندۇر. بۇ خىل ئورۇنلارنىڭ قەلەمدانلىرى (سەر كاتىپ، مىرزا، كاتىپ ۋە كۆچۈرمە كاتىپلىرى) تۈركۈملىرىنىڭ ئورۇن، ھەشەم، مەشمەت، ئابروي، ئىناۋەت... جەھەتلەردىكى ئىمتىيازلىرىمۇ «تاجىسى يوق بادشاھ» لار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرغانلىقى ھەققىدە «بۈرقۇم ئەۋلىيا» نامىلىق قولىيازمىنىڭ ئاپتورى سۇلتان باي ھاجىم مۇنداق يازغان: «دۇلار-ئەلەم بىلەن ئېلىپ قەلەم بىلەن تۇتۇپ، ناھەق، ناراۋاجلىقتا، پەريادى ئەلەمگە ئورۇن، ئىشارە بەرمەي، ھەق جاھان تۇتۇپ، ئەدلە بىلەن ئىش قىلىپ، يېزىپ يۇرت سوراپ، ئەل تۇتۇپ... تۇرغان ھۆكۈمرانلارنىڭ دىۋان - دەپتەر پەرىشتىلىرى، توغرىلىقىنىڭ مۇئەككىلى سانىلاتتى...» شۇنىسى ناھايىتى ئايانكى خانلىق ھۆكۈمالىرى پۈتۈكچى دەپتەردارلاردىن ھەرقاچان راستلىقتا، ئادالەتكە، ئىلىم-ئەدەبكە مايىل، قۇسۇرسىز، خاتىرى سۇسلاشمايدىغان، توغرىلىقتا مۇۋاپىق، راستىنى يازىدىغان، خاھىشى مال-مۈلۈك دېمەيدىغان، كۆڭلى ھەييار، ھىيلىگەرلەرنىڭ «مۇلايىملىقلىرى» نى ياقتۇرمايدىغان بولۇشىنى، ئۆزىگە ۋە ياتقا ھۆكمى ھەم قەلىمى بىردەك، ئىلىم، راستلىق تەقۋاسىدىن كۆڭلى ئېچىلىدىغان، دىققىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىدىن دىيانەتسىزلەر غەمگە چۆكىدىغان، ھىيلە-شەررە ئىشلاردىن كۆڭلى ئوچۇق، نىشانى يورۇق، پارىخورلار يېنىدا ھوزۇرسىز، ھىيلىگەرلەر ئالدىدا ئەيمىنلىك، ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن باشقا ھېچقانداق قورقۇنچتىن چۆچۈمەيدىغان، مۇتلەق توغرا، راستلىقنى ئىككى ئالەملىك ئېتىقاد ئۆلچىمى قىلغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

سەئىدىيلەرنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدا دۆلەت، ھاكىمىيەت، جەمئىيەت، جامائەت جاھانسىزلىقىغا مەنسۇپ دەپتەردارلىقتىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي خەلق دەپتەردارلىقى يەنى خەلق ئارىدسىدىكى كىتابپۇرۇشلۇق، رىسالىچىلىك، تەزكىرىچىلىك، نەسەبنامە، جەڭنامە، زەپەرنامە، شادنامە،

مۇسىبەتنامە . . . دېگەندەك ئىجتىمائىي ئەسەرۋازلىقمۇ ئالاھىدە ئومۇمىي كەسپىي ھوزۇرۋازلىق ھېسابلىناتتى.

بۇ خىل ئېسىل مىللىي ئەنئەنىنىڭ داۋامى ھېلىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆز تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. بىز يېنىلا ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىن بۇ خىل ئەنئەنىنى ئادەت، تارىخ، تۇرمۇش، ئەدەب، نەسەب، مۇھەببەت، نەپرەت، شەجەرە، ھادىسە... لەر مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇن رىسالىلەر شەكلى بىلەن ئۇچرىتىپ تۇرماقتىمىز.

## مەنبەلەردىن بەزى مىساللار

رىسالىچىلىك توغرىسىدا: چۇپانلار (ھايۋاناتچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى كەسىپ قىلغانلار) رىسالىسىنىڭ بىر بېتى مۇنداق پۈتۈلگەن: «... ئادەم ئاتىمىزدىن بۇيان، ئەلمىساقتىن بېرى يەتتە ئاتىمىزدىن - يەتتە ئانىمىزدىن تەۋە بولۇپ كەلگەن ئەۋلادى تەۋەرۈكاتنامە (رىسالە)نى ئالاھەزەل ھەر جۇمەدىن كېيىن ئېچىپ ئوقۇماق، كۆچۈرۈپ يېڭىلىماق، كۆپەيتمەك سۈننەتتۇر. ياخشى ساقلىماق، مىراس قالدۇرماق قەرزدۇر ... رىسالىسىز چۇپان پۇشتى (ئەجداد) قەبرىسىنى تاشلىۋەتكەن، ئەجداد ماكانىدىن كەچكەن (ۋەتەنسىزلەشكەن)، ئەل يۇرتىغا ۋاپا قىلمايدىغان، پۇشتى - ئەجدادلىرىنىڭ نام - شەرەپلىرىگە نۇقسان، تارىخىغا تۆھمەت - ھاقارەت تاپقان ... ئەۋلادى قارغىشقا ۋە لەنەتكە مەھكۇم چۇپاندۇر ... ئۆزىنىڭ رىزقى - تاپاۋەت خەزىنىسى بولغان ئىلكىدىكى ھالال مالنى ناشايان ۋە ناباپ سەرپ قىلغان، تارتتۇرۇپ قويغان، ئىشلەتكەن، بۇزغان، زەخىمدار قىلغان، ئەتىۋارلىمىغان، خورلىغان ... چۇپان - چۇپانلارنىڭ پىرى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا - شەپقەتلىرىدىن مەھرۇم، رىسقى كەم، تەتۈر پەلەك، شۇم پېشانە، ئۆمرى خار چۇپاندۇر ...» (بۇ رىسالىنى مەن 1954 - يىلى قاغىلىقنىڭ كۆل دېگەن يېرىدىكى توختى چوڭ دېگەن كىشىدىن ئالغان ئىدىم — ئا).

كىتابپۇرۇشلۇق توغرىسىدا: كىتابپۇرۇشلار (كىتاب، رىسالىلەرنى كۆچۈرۈپ، كۆپەيتىپ تارقىتىپ، جامائەتنى، كىتابخانلارنى كىتابلىق قىلىدىغانلار) توغرىسىدا «ئۇنىدىن- مۇنىدىن»نىڭ «بەلەن گەپلەر» قىسمىدا مۇنداق خاتىرە يېزىلغان: «... ھەر ئىككىلا ئالەمدە ياخشى كىتاب - رىسالە، سالنامە ... گۆۋھەرى كىتابلارنى پۈتكەن (يازغان)، ساقلىغان، ئەزىزلىگەن، كۆپەيتكەن، مىراس قالدۇرغان، ئەھلى جامائەتكە بىلدۈرگەن، ئوقۇپ بەرگەن، تارقاتقان، يايغاندىن ئارتۇق ساۋاب، خاسىيەت، نام - شەرەپ بولمىغاي ... كىتاب - رىسالىلەر ... نى ئالماق - ساتماق قىلغانلار، تاشلىۋەتكەنلەر، خورلىغانلار، ئوقۇماي، تاۋاپ قىلماي تۇپا - تۇپراق قوندۇرۇپ، پۈكلەپ، ناباپ ئورۇندا ... قويۇپ ساقلىغانلار دائىما ئەرەجەنىڭ (ئۆمۈرۋايەت ئەرەج - جاپا تارتىپ يۈرۈشكە نېسىپ بولۇش — ئا) ئەلىمىدىن قۇتۇلالمىغاي ...»

بىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ تارىخىمىزدا كەسپىي تىجارەت، يەرلىك سودا ۋە چارۋا بازارچىلىق ... كارۋان سودىگەرچىلىكىنىڭ ئىنتايىن راۋاجلانغانلىقى توغرىسىدا سان - ساناقسىز مەلۇماتلار بولسىمۇ، لېكىن كىتاب، رىسالە ... سودىگەرچىلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە، ئىز - دېرەك ئۇچرىمايدۇ. سەۋەب: ئەدىبلەر، كىتاب پۈتكەنلەر ... كۆچۈرگەنلەر، تاپقانلار ياكى كۆپەيتكەن، شەرھىلىگەنلەرنىڭ ھېچبىرى ئۆز ئەمگەكلىرىگە باھا دېمەيدۇ. كۆڭلى خالىغان ياكى تەلەپ قىلغان ھاجەتمەن، خۇشتارمەن ھەمىيارانلىرىغا ھەدىيە قىلىدۇ. ھەدىيىگە جاۋابەن تۆھپە - ئىنئام قوبۇل قىلىدۇ. «... ئومۇ كاپىردىن يامان، بۇمۇ كاپىردىن يامان، پاك كىتاب سازانگىرى (كىتابنىڭ نەرقىنى ئۆرە قويۇپ، باھا تالىشىپ، سازايى قىلىپ خېرىدار خۇمارلىق نەپسانىيەتچىلىكى بىلەن كىتاب ساتىدىغانلار — ئا)ھەممە كاپىردىن يامان»،

«... دۇنيانىڭ ھەممە بايلىقى ياخشى كىتابنىڭ خۇنىغا تەڭ بولالماس» دېگەنىدەك ئۇيغۇر خەلق تەمسىللىرى بۇ قارىشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.

مۇسىبەتنامە توغرىسىدا: سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھازىسى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان «مۇسىبەتنامە» دېگەن كۆچۈرۈلمە دەپتەرنىڭ بىر بېتىدە مۇنداق خەت — قۇرلار تىزىلغان:

«تارىخي توققۇز يۈز توقسان توققۇز، سەرتان جامادىيەل ئاخىرىنىڭ باش يەكشەنبە كۈنى ئېردى — (مىلادى 1591 - يىل 6 - ئاينىڭ باش ھەپتە كۈنى يەكشەنبە — ئا). چاھارباغ دىياردا (مارالبېشىنىڭ چارۋاغ يېزا تەۋەلىكىدە بولسا كېرەك — ئا) شاھلارنىڭ شاھى، ئەزىزلەرنىڭ ئەزىزى، خەلقى ئالەمنىڭ باشپاناھى، ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ نۇرى، جاھان ئىقلىمىنىڭ سەردارى ... ھەزرىتى ئۇلۇغخان (ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئوغلى ھەم ئابدۇرەشىتخان ۋاپاتىدىن كېيىن تەخت ۋارىسى بولۇپ، ئادىل پادىشاھ نامىنى ئالغان ئابدۇكېرىم تارىختا «ئۇلۇغخان»، «ئادىلخان» دېگەندەك لەقەملەر بىلەنمۇ شۆھرەتلەنگەن — ئا) تەقدىرى — قەستى قازا بىلەن باقىي ئالەمدىن پانىي ئالەمگە رەھلەت قىلدىلەر. جۈملە ئالەم، ئادەمىزات، دەۋ — پەرىزات، مەۋجۇزات ... بىر ياشاردىن 100 ياشارغىچە، بۇ زاتى بەرىكاتقا تەئزىيە ھازىلىرى بىجا كەلتۈردىلەر. بۇ مۇسىبەت ئالەمىدىن، ھازىلار زارىدىن قۇياش ئۆز نۇرىنى ياشۇردىلەر، شاھنە شەۋكەتلىك ئوردىسى قىرىق كۈنگىچە ماتەم دىيارى بولۇپ دەريا — دەريا كۆز ياشلىرىنى ھەمراھ ئەيلىدىلەر ...» (بۇ پۈتۈك — 1970 - يىلى مەكىت تۇمەنتالدا ماھۇت ئىسلامدىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان خاتىرە دەپتىرىدىن كۆچۈرۈلدى — ئا). ناھايىتى ئېنىقتۇركى، سەئىدىيلەرنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدا ئارخىپقا باغلانمىغان، يېزىقتا ئېلىنمىغان جەمئىيەت تەركىبى، نەسەبنامىسى — تېگى يوق ئادەم، تەزكىرىسى يوق يۇرت، رىسالىسى يوق جاھانساز، يېزىق تارىخىسىز جەمئىيەت — تەبىئىيكى ھاياتقا ناقابىل، كېلەچىكى ئىستىقبالسىز، تەقدىرى غۇۋا، ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ۋارىسلىشالمايدىغان، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئىشەنچ سېزىمى خۇنۇك، ۋەتەنپەرۋەرلىكى سۇس، ئىلىم - مەرىپەتتىن ئەسەرسىز ... زاۋال جەمئىيەتكە ھامىلدار دەپ قارالغاندۇر.

— ئەلمىساقتىن بېرى دەپ يازىدۇ ھۆرمەتلىك ۋەقەشۇناس ئەدىب ماھۇت ئىسلام: «نەسەبنامىسى يوق ئادەمدە، رىسالىسى يوق ھۈنەرۋەن - كاسىپتا، خېتى يوق زېمىندە، تەزكىرىسى يوق يۇرتتا، تارىخي ئېتىبارسىز ئەلدە ... غورۇر، بەرىكەت، ئۇنۇم تۆۋەن ۋە ھوزۇرسىز بولار، بىرلىك سۇس، تەپرىقىچىلىك ئادەتلىنىشكەن، جامائەتتى قوۋلاشمايدىغان، ھەمغەيۋەتلەر يامرايدىغان مەنبە ھېسابلىنار. ئۇنداق جەمئىيەتتە پېشكەللىك، بەدبەخلىق، ھۆكۈمران تەقدىر ئورنىنى ئالار ... دەپ قارىلاتتى ...»

مۇئەللىپتىن تەۋسىيە:

يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى، مىراسى تەۋەررۇكات — سەنئەت خەزىنىلىرىنى ھازىرقى چاغ كىشىلىرىمىزگە بىلىشىمىزچە يېزىپ تونۇشتۇرۇش — مېنىڭ ئارمان جەريانىمدۇر. دۇنيادا تارىخنى ئەسلەشتىن ئارتۇق ھوزۇر، پەخىرلىنىش بولمىسا كېرەك. تارىخ دېمەك ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ۋە سېنى ئادەم قىلغان جەريان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسان ھايات - ماماتلىقىنىڭ كالىندارى ۋە ئەينىكىدۇر. جامائەتچىلىكىمىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى - غەنىمەتلىرىنى چىق گەپ، ئۇزۇن خەتلەر بىلەن زايا قىلىشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە بۇ ماقالەمنىڭ تارىخ بويىلاپ يېزىلىدىغان داۋامىي بابلىرىنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ كېيىنكى سانلىرىغا ئاتىماقچىمەن. ماقالەمدە كېتىۋاتقان سەھۋە - خاتالىقلار بولسا تۈزىتىش، پىكىرلەر بېرىلسە، سەممىي مىننەتدار بولىمەن، پايدىلىنىمەن.




## جەڭچى ئوغلۇمغا

**ساتتار توختى**

ھۆر ۋەتەن مېھرى بىلەن ئۆستۈڭ بۈگۈن ئوغلان بولۇپ،
ئەلنى قوغداشقا قورال ئالدىڭ مانا مەردان بولۇپ.

جەڭچى نامىڭدىن سۆيۈندى ئاتىلىق قەلبىم ئەجەب،
چاقنىدى شەپكەڭدىكى يۇلتۇز ماڭا چولپان بولۇپ.

ئاپتومات زەپمۇ ياراشقان قامىتىڭدىن ئۆرگىلەي،
تاغ سۈپەت بەستىڭ كۆرۈندى رۇستەمى داستان بولۇپ.

ئىپتىخارلىق ئىلكىدە تۇتتۇم ۋەتەنگە مەن سېنى،
خوش بالام چېگراغا ماڭ ئەل بەختىگە قالقان بولۇپ.

جان پىدا ئەيلەپ ۋەتەنگە، مەردلىكىڭدىن قىل رىزا،
شادلىنارمەن بىر ئۆمۈر، ئالساڭ ئاتاق پالۋان بولۇپ

## تراكتورچى قىز

كۆكتە گۈزەل تاڭنىڭ قىزى
چولپانمۇ كۈلمەستىن بۇرۇن؛
ھەيدەپ تراكتورنى چىمەن،
ئالدى ئېتىزلاردىن ئورۇن.

مۇنبەت چىلان تۇپراق ئېتىز،
ئاچتى تراكتورغا قۇچاق.
جور بولدى قىزنىڭ كۈيىگە،
بەس - بەستە بۇلبۇللار شۇ چاغ.

ئاچقاندا يۈز گۈلگۈن سەھەر،
تېپىردىم ئۈچۈن تەقلەندي پەر.

تاڭ شەبنەمدەك يالتىراپ،
قىز مەڭزىدە چاقنايتتى تەر.

«ھارماڭ» دېسەم تاتلىق كۈلۈپ،
چاپتى ئېتىزغا قىز شۇئان.
قەلبىمدە چەكسىز سۆيگۈدىن
قالدۇردى ئۆچمەس ئىز شۇئان.



## ئۈزۈمزاردا

يالغۇزتاغقا تۇتۇشۇپتۇ،
ئۈزۈمزارلىق دېگىز مانا.
جەننەتتىمۇ ئۈز كۆرۈندى،
شىكەرىستان تۇرپان ماڭا.

شەربەت ئاقار ئۈزۈملەردىن،
نېمىتى ئۇ ئالتۇن كۈزنىڭ.
شاد ناخشىسى قۇچار كۆكنى،
ئۈزۈم ئۈزگەن ئوغۇل - قىزنىڭ.

مەرۋايىتتەك ئۈزۈملەرنى،
تۇرپانلىقنىڭ پەخرى دەيمەن.
قانات يايدى جاھان بويلاپ،
ئۇشبۇ يۇرتنىڭ قەدرى دەيمەن.

## مېنى كۈتكىن

ئاتلانغاندا سەپەرگە،
كۆزلىرىڭنى ياشلىما.
سەن ئۆزەڭنى ھىجراننىڭ
چۆللىرىگە تاشلىما.

بولۇر تۈننىڭ كۈندۈزى،
زېمىستاننىڭ باھارى.
ئەقىدەڭگە ۋاپادار
بولماق ۋىجدان قارارى.

ئۈمىد بىلەن مېنى كۈت،
تېگىپ دىلغا ئىشقىمنى.
مەڭگۈلۈككە چاتقانمەن
ساڭا يۈرەك رىشتىمنى.

## گۈل بېغىم بار ھاۋالىق

دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن،
گۈل بېغىم بار ھاۋالىق.
خەندان ئۇرۇپ مەس بولۇپ،
بۇلبۇل سايرار ناۋالىق.

سايا بىلەن ئالمىنىڭ
خۇشبۇيى ھىدى تارايدۇ.
يار مەگزىدەك ئانارىم،
شاخلار ئارا مارايدۇ.

قىيام بولۇپ، بال بولۇپ،
شەربەت تۆكەر ئۆرۈكۈم.
باسقىنىمدا تاڭلايغا،
يايراپ كېتەر يۈرىكىم.

مېۋىلىرىم كۆز چاقار،
زەر قۇياشتىن رەڭ ئېلىپ.
ئېغىز تېگىمىك دوستلىرىم،
نېمەتلەردىن تەڭ ئېلىپ.

ئەجرىم بىلەن ياشنىغان
جەننىتىم ئۇ، بەختىم ئۇ.
بىللە ئىشلەپ تەر تۆككەن
ئىشچانلارغا تەقدىم ئۇ.

# باھار ھەمراھ دىللارغا

زۇمرەت كۆكتە زەر قۇياش،
چاچتى پارلاق نۇردىنى.
قۇشلار باھار زوقىدا،
باشلىۋەتتى خوردىنى.

يايراپ باھار پەيزىدىن،
سۆيۈندى جان باشقىچە.
چۈشتى قايناق بەيگىگە،
يېزا ھەم كان . . . باشقىچە.

چېچەك پەسلى، گۈل پەسلى،
كەلدى ئېتىز - باغلارغا.
مال يامردى بولۇتتەك،
يېشىل مەخمەل تاغلارغا.

ئىش باشلىنار باھاردىن،
زەپەر تارتىپ يىللارغا.
ھۆر ئەلىمدە مەڭگۈگە
باھار ھەمراھ دىللارغا.

# جىگدىلىكتە. . .

كۈمۈش ياپراق جىگدىلىكتە،
باقتىم ساڭا تويماي ئۇزاق.
تۇتقىنىمدا قوللىرىڭنى،
جىلۋە قىلدىڭ ماڭا شۇچاغ.

پىچىرلاشتىن توختاپ جىگدە،
ئاي مۆكۈندى خىجىللىقتىن.
تىللىرىمىز سۆزدىن قالدى،
بىر جان، بىر تەن، ئىجىللىقتىن.

يېگىتلىكنىڭ كۈچى بىلەن،
تارتتىم سېنى باغرىمغا مەن.
كەتتى ئېرىپ لەۋلەر شۇئان،
يۇغۇرۇلدى بەھۇش جۇپ تەن.

جىگدىلىكتە ۋىسال تاپتى،
شۇنچە ئايلار يوشۇرۇن كۆيۈش.
گۈۋاھ بولسۇن پاك سۆيگۈگە،
شۇ ئاخشامقى تۇنجى سۆيۈش.

# گۈل ئىشقى

گۈل خۇمار دەيدۇ مېنى،
ھويلام گۈللەر دۇنياسى.
ئۇچۇپ يۈرەر كېپىنەك،
ئېپار - ئەنبەر ھاۋاسى.

ئېچىپ كۆڭۈل بەھرىنى،
سۆيۈنىمەن گۈللەردىن.
گۈل تېرىپ، گۈلدەك ياشاپ
ئۆتكەن خۇشال كۈنلەردىن.

# سەھرا

ئېپار تارار گۈل بېغىڭدىن،
گۈل - گۈلىستان گۈزەل سەھرا.
ئېتىزلىرىڭ ئاشلىق كانى،
مېۋىلىرىڭ ھەسەل سەھرا.

سۆيۈنەر ئەل ھىممىتىڭدىن،
ھايات ياشنار نېمىتىڭدىن.
ساڭا ئاتاپ دىلدىن ئەبەد،
ئېيتاي ئالقىش، غەزەل سەھرا.

# يارىڭ بولسام نە ئارمان

قۇلاق سالدىم زوقلىنىپ،
شوخ ناخشائىغا - سازىڭغا.
مەھلىيا بولدۇم دىلدىن،
بۇلبۇلدەك ئاۋازىڭغا.

ئاشىقمەن ئەزەلدىن،
خەلقىم سۆيگەن ناخشىنىڭ.

يارىڭ بولسام نە ئارمان،
سەندەك ئىشچان - ياخشىنىڭ.

قوبۇل قىلغىن ئىشقىمنى،
يېزىمىزنىڭ گۈزىلى.
ياڭراپ كەتسۇن جور بولۇپ،
ئىككىمىزنىڭ غەزىلى.

# ئاشىقى بىز ئېتىزنىڭ

چىقىپ كەلسەك سۇبھىدە،
كەتمەن ئېلىپ ئېتىزغا.
تەزدىم قىلۇر چېچەكلەر،
ئىشچان يىگىت، ھۆر قىزغا.

گۈل زېمىنغا مەڭگۈلۈك
باغلانغان دىل رىشتىمىز.
شۇ زېمىندا ئوت ئالغان،
چىن مۇھەببەت ئىشقىمىز.

ئالتۇن ئۇنۇپ ساپ تەردىن،
ئىككىمىزنى باي قىلدى.
بىز تاققان شەرەپ گۈلى،
چېھرىمىزنى ئاي قىلدى.

ئاشىقى بىز ئېتىزنىڭ،
ئۇندا شەرەپ، بەختىمىز.
تەر تۆكۈپ گۈلدەك ياشاپ
ئۆتمەك بىزنىڭ ئەھدىمىز.

# ئىككى تېكىست

ئابدۇسالام تەلەۋالدى

## كېچىلەر

تولۇنئاي نۇرىغا چۆمگەن ئاق كېچە،
قولۇمدا گىتارىم، يېنىمدا جانان.
تۆكۈلەر ھەر تاردىن بىر سېھىرلىك كۈي،
نە كۈي ئۇ، سۆيگۈدىن ئوقۇلغان داستان.

ئۇ كۈيدە يوشۇرۇن كۆيۈشكەن دەملەر،
ئۇ كۈيدە تۈنجى رەت كۆرۈشكەن دەملەر.

ئۇ كۈيدە ھېجرانلىق تۈنلەر ئازابى،
ئۇ كۈيدە قانماستىن سۆيۈشكەن دەملەر.

ئاتتى تاڭ يار بىلەن خىلۋەت بوستاندا
سۆيۈپ تاڭ شامىلى بېغىشلاپ ھوزۇر.
ئۆتەركەن كېچىلەر ئاشۇنداق شېرىن،
مۇھەببەت پەسلىگە كىرگەندە ئۆمۈر.

# ئادەت

سۈدىن چىققان پەرىدەك،
يارىشىپسەن باغچىغا.
سېنى تۇمەن بۇلبۇللار
كۈتۈپتۇ شاد ناخشىغا.

سەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپسەن،
يايغاندەك تۇز قاناتىنى.
كۆردۈم سەندىن ئالەمچە
گۈزەللىكنى، سۈباتىنى.

مەشق قىلار ئىكەنسەن،
سۈبھىدەمدە باغ ئارا.
كېلەركەنسەن نۇر قۇچۇپ،
قۇياش كۈلگەن چاغ ئارا.

جان تەسەددۇق سېنىڭدەك
گۈل بەدەن گۈل قامەتكە.
بولدى ماڭا ھەر سەھەر
باغقا كەلمەك ئادەتكە.

# قىزىلتاغ

ئاۋۇت ساۋۇت

قەددىمىي ئۇرۇمچى كۆكسىدە،
تۇرىسەن قەد كېرىپ قىزىلتاغ.
ھۆسنىڭدە قۇياشنىڭ جىلۋىسى،
قۇچىقىڭ چېچەكلىك چىمەن باغ.

سەيلى ئېتىپ قوينۇڭدا ئادەملەر،
گۈللەردىن ھوزۇر ئېپ يايرايدۇ.
بۇلبۇلغا جور بولۇپ تەمبۇر ھەم
كېتارنىڭ شاد كۈيى ياڭرايدۇ.

دىل سۆيگەن ئەي گۈزەل قىزىلتاغ،
كۆركەمسەن ئانىجان شەھىرىمنىڭ.
سەيلىگاھى بوپ قال تائەبەد.
گۈزەللىك ئاشناسى خەلقىمنىڭ.

# ئىچىم كۆيىدۇ سىزگە

(خەلق قوشاقلىرى ئىزىدىن)

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

باھار دەيدۇ — ياز دەيدۇ،
يېتەمدۇ پەسىل كۈزگە.
شۇنچە قىز ئاراسىدا،
ئىچىم كۆيىدۇ سىزگە.

ھۆسنىڭىزنى گۈل دېسەم،
غۇنچىمىكىن بويىڭىز.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
گۈزەل ئەخلاق — خۇيىڭىز،

ئىشقىڭىزدا ئەي گۈزەل،
يۈرەك باغرىم داغلاقلىق.
شەرتىڭىزنى ئاقلاشقا،
بېلىم مەڭگۈ باغلاقلىق.

قايتارما:

ئىچىم كۆيىدۇ سىزگە،
بىر قاراپ قويۇڭ بىزگە.



# دانىشمەنلەر ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا

1

بىر كىشى دانىشمەننىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ھەقىقىي دوست تېپىشنىڭ قىيىنلىقىدىن زارلاندى. دانىشمەن ئۇنىڭغا ئېيتتىكى:

— سېنىڭ دەرد-ئەلەمىڭنى تەڭ تارتىدىغان، شادلىقىڭغا تەڭ شادلىنىدىغان دوستنى ئىزدىسەڭ، بۇنداق دوست كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ساڭا ئۆزىنى دوست قىلىپ كۆرسەتكەن تاسادىپىي دوستلار بولسا ناھايىتى كۆپ.

ئۇ كىشى يەنە:

— ئەگەر ماڭا ھەقىقىي دوستنى تېپىش نېسىپ بولسا، ئۇنىڭ بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك، — دەپ سورىدى.

دانىشمەن ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— ھەقىقىي دوست تاپساڭ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنداق مۇئامىلىدە بول: دوستلۇقتا سادىق بول، خىيانەت قىلما. قەلبىڭدىكى دوستلۇق مۇھەببىتىنى قولۇڭ ۋە تىلىڭ بىلەن كۆرسەت. دوستۇڭنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشتىن ساقلان. ئۇنىڭ قېشىدا باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلما. دوستۇڭ مۇھتاجلىقتا قالسا دەرھال ئۇنىڭغا ياردەم قىل. ئۇنىڭدىن بىرەر ئەيىب سادىر بولسا، بىرەر خالىي جايدا ئەيىبىنى ئېيتىپ، سىلىقلىق بىلەن نەسىھەت قىل. ئەگەر دوستۇڭ سېنىڭ ئەيىبىڭنى ئېيتىپ نەسىھەت قىلسا، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بول. دوستۇڭغا يالغان سۆزلىمە. ئۇنىڭ دۈشمىنى بىلەن دوستلاشما. دوستۇڭنىڭ بېشىغا بىرەر مۈشكۈللۈك چۈشسە، قايغۇلۇق ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇنى شۇ مۇسىبەتتىن قۇتقۇزۇشقا جان دىلىڭ بىلەن كىرىش. دوستۇڭنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بول.

ئۇ كىشى يەنە دانىشمەندىن:

— تاسادىپىي دوستلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلاي؟ — دەپ سورىدى.

دانىشمەن مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— تاسادىپىي-يۈزەكى دوستلارغا ھەم قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىل، لېكىن ئىچكى سىرىڭدىن خەۋەردار قىلما. ئۇلارنىڭ يېنىدا كەلسە-كەلمەس سۆزلەشتىن تىلىڭنى تارت. ئۇلارنى ئادەتتىكى مۇئامىلە بىلەن خۇشال قىلىپ، كۆڭلىنى ئۆزەڭگە مايىل قىل. ئۇلاردىن بىرەرى كۆرۈنمەي قالسا، باشقا ئاشۇنداق ئاغىنە-دوستلاردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورا. مال-مۈلۈكۈڭنى ئۇلارغا ئېيتما، ئۆز ئەھۋالىڭنى يوشۇرۇن تۇت.

2

ئۇلۇغ داھىلار، دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى مۇلاھىزە قىلساق، بىز پەقەت ئۆز شەخسىي پايدىمىزنى كۆزلەش ئۈچۈنلا ئەمەس، ۋەتەن، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداش،

# تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

دوستلار ۋە دۈشمەن ھەر بىر ئادەمگە ياخشىلىق قىلمىش، پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەنمىز. بىلىق سۇدا ياشىغاندەك، ئىنسان كىشىلىك جەمئىيەتتە ياشايدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ئىلىم - مەرىپەت ئاشقانسېرى ھەر بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمگە موھتاج بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ھەتتا بىر پارچە نېنىمىزنىڭ قانداق ۋاسىتىلەر بىلەن تەييار بولۇپ ئاغزىمىزغا كىردۈاتقانلىقىنى ئويلىساق، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە باغلانغانلىقلىرىنى چۈشىنىمىز. ئادەم ھەر قانچە باي، ئابرويلۇق ۋە ئەتىۋارلىق بولسىمۇ، بەرىبىر باشقىلارغا موھتاج بولماي ئىلاجى يوق.

3

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن مەقسەت پەقەت ئىنسان بولغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر. شەخسىي پايدىمىزنى كۆزلەپ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئەسلا توغرا ئەمەس. قىڭغىر يولغا كىرىپ قالغان كىشىنى پايدىلىق نەسىھەتلەر بىلەن توغرا يولغا سېلىش، مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان ئادەمنى مۇشكۇللۇكتىن قۇتۇلدۇرۇش، بىر كىشىنىڭ بىلمىگەن نەرسىسىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش — چۈشەندۈرۈش — مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق قىلىشتۇر.

4

دانىشمەنلەردىن بىرسى ئۆز دوستلىرىغا شۇنداق نەسىھەت قىلدى:

— جاھىللىق ئوتىنى چىدام - غەيرەت سۈيى بىلەن ئۆچۈرۈڭ. قەھرۇ - غەزەپ تىكەنلىرىنى سەبرۇ - تاقەت ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈڭ. چىرايىڭىز ھەسەت تۇتۇنى بىلەن تىرەلەشمىسۇن، كۆڭلىڭىز تۆرىدە ئاداۋەت نەقىشلىرى ئورۇن ئالمىسۇن. دىلىنى ئاغرىتىدىغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە تەلۋىلەرچە ھەرىكەت قىلىشتىن، بېشىڭىزغا قاتتىق مۇسىبەت چۈشكەندە ئۈمىدسىزلىكتىن ساقلىنىڭ.

ھەر بىر ئىشىڭىز ئۆز قېلىپىدىن چىقمىسۇن، ھېسابلىق ئىش قىلىڭ، خىراجىتىڭىز دارامىتىڭىز چېكىرىسىدىن ئاشمىسۇن، چىقىمىڭىز كىرىمىڭىزگە قاراپ بولسۇن.

5

دانالار يىغىلىشىدا، ئۇلۇغلار سۆھبىتىدە ئۆزىگە مۇناسىپ جايدا ئولتۇرۇش دانىشمەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. باشقىلارنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىش ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولغان كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ. مەدداھقا ئوخشاش ئېھتىياتسىز سۆزلەش شەرمەندىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. سەۋەبسىز، ئورۇنسىز كۈلۈۋېرىش پۇشايمان بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

6

ئۇلۇغ، ھىممەتلىك ئادەم ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قولىنى ئامىنىڭ پايدىسى تەرەپكە ئاچىدۇ. ئەگەر ئائىلە تىرىكچىلىكى ئۇنىڭ ئېتىنى بۇ يولدىن ئازدۇرسا، سەۋر - تاقەت، چىدام تىزگىنىنى قولدىن چىقارمايدۇ. ئەل مەنپەئەتى يولىدا قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن بىر نەرسە تاما قىلمايدۇ. قاراڭ، قۇياش يەرگە ئۆز نۇرىنى ھەرقانچە چاچسىمۇ ئەمما يەردىن بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنەرسىنە تەلەپ قىلمايدۇ. ئەتىرگۈل ئۆزىنىڭ خۇشبۇيلۇقى بىلەن ھەممە كىشىگە ھىدىنى چېچىپ، ھوزۇرلاندۇرسىمۇ، ھېچكىمدىن مەنىۋى ياردەم تىلەشنى يادىغا كەلتۈرمەيدۇ.

7

بىرەر كىشىدىن ئازار يەتكەن كىشى مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالدىن خالى بولمايدۇ: بىرىنچى خىلى، بىرەر كىشى قانچىلىك يامانلىق قىلسا، ئۇ شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلىدۇ، بۇ ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ خىسلىتى؛ ئىككىنچى خىلى، بىرەر كىشى قانچىلىك يامانلىق قىلسا، ئۇ شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايدۇ، بۇ ھەقىقەتچىل ئادەملەرنىڭ خىسلىتى؛ ئۈچىنچى خىلى، بىرەر كىشى قانچىلىك يامانلىق قىلسا،

ئۇشۇنچىلىك يامانلىق قىلىدۇ. بۇ ئەخلاقسىز، يامان ئادەملەرنىڭ خىسلىتىدۇر. يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، ياخشىلىق قىلالمىسا ئەپۇ قىلىش گۈزەل خىسلەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

كىمكى ئىستىسە خەلق ئىچرە بولۇشنى ئامان،
ياخشىلىق قىلسۇن ھامان، كۆرمەس زىيان.

8

يارىماس، ناچار ئىشلارنىڭ ئىشىكى سانسىزدۇر. ھوشيارلىقنى، سەزگۈرلۈكنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەڭ. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلمىسىڭىز، بۇزۇق يوللارغا كىرىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ سەزمەي قالىسىز. كۈندىلىك ھاياتىڭىزنىڭ ھازىرچە ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىغا مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭ، كېيىنكىسىنى ئويلاپ شۇنىڭغا قاراپ ئىش ئېلىپ بېرىڭ. كەمتەرلىكنى ئۆزىڭىزگە شوئار قىلىۋېلىڭ، مەنمەنلىكتىن يىراق بولۇڭ، كەمتەر بولۇڭ.

9

سەۋر ۋە سۈكۈتتىن بەھرىمەنسىز قالمايلى. پىكرىمىز ئەينىكىگە ئەقىل ئىشارىتى ۋە نەسىھەتلەر بىلەن ھەل بېرەيلى. بىرەر ئىشقا كىرىشىدىكەنمىز، ئاۋۋال ئويلاپ، ئاندىن شۇ ئىشنى باشلايلى. ئالدىراقسانلىق ۋە يەڭگىللىكتىن يىراق بولايلى. شۇ چاغدىلا ئىقبال ۋە دۆلەت ئىشىكى بىزگە ئېچىلىدۇ، بەخت ۋە سائادەت گۆھەرلىرى بېشىمىزغا چېچىلىدۇ.

10

ھاردۇق چىقىرىش ۋە ئۇخلاشنى خىيال قىلىشتىن ئىلگىرى مۇنداق ئۈچ نەرسىنى ئېسىڭىزگە كەلتۈرۈڭ. بىرىنچى: ئويلاڭ — بۈگۈن سىزدىن بىرەر خاتا ئىش ئۆتتىمۇ - يوق؟ ئەگەر ئۆتكەن بولسا، قانداق تەدبىر بىلەن تۈزىتىش مۇمكىن؟

ئىككىنچى: پىكىر (مۇلاھىزە) قىلىڭ - بۈگۈن خەلق مەنپەئەتى يولىدا بىرەر ياخشى ئىش قىلدىڭىزمۇ - يوق؟

ئۈچىنچى: ئەسكە ئېلىڭ - بېپەرۋالىقىڭىز ۋە ئىشقا سەل قارىغانلىقىڭىز تۈپەيلىدىن قايسى ئىشىڭىز ئەمەلگە ئاشماي قالدى؟

11

قومۇشلۇققا كىرگەن ئىلان جىم تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىن چىققان ھامان ئۆز تەبىئىتىدىكى ئەگرىلىكنى قىلماي قالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇزۇق تەبىئەتلىك كىشىلەر بەزىبىر سەۋەبلەر ئارقىسىدا تۈزۈك ئادەمدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ سەۋەبلەر ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا ھامان ئۆز تەبىئىتىدىكى بۇزۇقلۇقنى دەرھال ئاشكارىلايدۇ.

كۆپ بولمىغىن يامانلارنىڭ سۆھبىتىدە،
پاك بولساڭمۇ سېنى قىلار ئىپلاس.

12

شۇنداق گۈزەل ھېسلارغا ئىگە بولغان ئادەملەر بار: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇش مۇئامىلىلىرى، مېھرى-شەپقەت ۋە مەرھەمەتلىرى سايىسىدە ھەتتا دۈشمەنلىرىنى ھەم ئۆزلىرىگە دوست قىلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. بۇنداق بەختلىك ئادەملەر ئالقىشقا، ھۆرمەتكە ۋە ئاپىرىنغا سازاۋەردۇر.

13

بىراۋغا ئازار يەتكۈزۈش ئۇرۇقىنى چاچقان كىشى زىياندىن باشقا ھوسۇل ئالالمايدۇ. باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش كۆچىتىنى تىككەن كىشى تىنچلىق، شادلىق مېۋىسىنى يەيدۇ. «نېمىنى تېرىساڭ، شۇنى ئورۇيسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئېسىمىزدىن چىقارمايلى.

---

تاشكەنت «ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا» دېگەن ئۆزبېكچە كىتابتىن

**جېلىل مۇھەممەت تەرجىمىسى**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **قۇربان مامۇت**

# ئاياللارنىڭ يۈزى ئەۋرەتمۇ؟




تۇردى سامساق

ئاياللارنىڭ «يۈزىنى يېپىش» مەسىلىسى مۇسۇلمان دۇنياسىدا بۈگۈنگىچە بىرلىككە كېلىنمىگەن ياكى بىرلىككە كەلمىگەن مۇشكۈل، مۇرەككەپ ۋە چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ توغرۇلۇق ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان»دا ئېنىق ئايەتلەر بار. ئەمما ئۇ ئايەتلەرنى مۇسۇلمان مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى ھەم مەزھەپلىرىنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئەقىل ئىقتىدارى، ئاڭ - سەۋىيىسى، زامان ۋە تۇرمۇش شارائىتى، مەدەنىيەت، تەرەققىيات ئەھۋالى، ھەم ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيە، مۇئامىلە، مۇناسىۋەتلىرى، كۆز قاراشلىرى ۋە تارىخى، خۇسۇسى-



تۇرمۇش ئەينىكىدە

يىتى، خۇلقى، مۇھىتىغا مۇۋاپىق ھەر خىل چۈشىنىپ، ھەر خىل ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى، بىر مىللەت بولغان، بىر مەزھەپتىكى بىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق.

قۇرئاندا: ئەي مۆمىنلەر، دىن ئىشلىرىدا سىلەر ئىككى مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭلار، ئۇنىڭ قايسى يېنىك، ئەپلىك ۋە پايدىلىق بولسا، شۇنى قىلىڭلار.... ئاللاھ بەندىلىرىگە جاپا قىلمىغۇچىدۇر، ئەڭ مېھرىباندۇر... دېيىلگەن.

ئەر ۋە ئاياللارنىڭ نېمە قىلىشلىرى ھەم قەيەرلىرىنى يېپىشلىرى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەي پەيغەمبەر، ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، ئۇلار نىمچا بىلەن بەدەنلىرىنى ئورىۋالسۇن!»(«سۈرە ئەھزاپ» 19 - ئايەت).

«مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامەھرەملەرگە قادىلىپ قارىمىسۇن!» («سۈرە نۇر» 30 - ئايەت).

«مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن! ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن! تاشقى زىننەتلىرىدىن بۆلەك زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن! لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن!» («سۈرە نۇر» 31 - ئايەت «قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇرچە 354 - بەت).

«مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بايانلار بار: «ئاياللارنىڭ تېگىدىغان كىشىلىرىدىگىمۇ كۆرۈنمەي مەستۇرە بولۇشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يوق ئىش ئىدى. سەلەفسالىھلارنىڭ زامانىسىدىمۇ يوق ئىش ئىدى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوتۇننى كۆرۈپ ئېلىشنى سۈننەت قىلدى. مۇنداق قىلىش ئەر كىشى ئالماقچى بولغان ئايال بىلەن تونۇشۇشقا، ئىككىسىنىڭ ئىناق بولۇشىغا پايدىلىق. بۇ بولسا ئىسلام دىنى ئالىملىرىنىڭ ئورتاق قارىشى». «ئالىدىغان ئايالنى كۆرمەستىن قىلغان توينىڭ ھەنىۋاسى ئاقىۋەتتە ئادەمگە غەم - قايغۇ ئېلىپ كېلىدۇ»... «زامانىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەيدىغان توغرا دىنىي تەربىيىنىڭ بولمىغىنى ئۈچۈن دەسلەپكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇزۇقچىلىقلارنى چەكلەش، پىتنە - پاساتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە بارلىق ئاياللارنى مەستۇرە قىلىشنى ياخشى ئىش ھېسابلىغان بولۇشى مۇمكىن» («مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ئەرەب ئالىمى مۇھەممەت خۇزەرى ئەسىرى، مۇھەممەت سالىھ تەرجىمىسى «مىللەتلەر نەشرىياتى» نەشرى، 256 -، 257 - بەتلەر، 1984 - يىل).

بىزنىڭ بۈزرۈكۋارىمىز، يېتۈك ئالىم، بۈيۈك ئۇستاز ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزى ئۆزىنىڭ «ئىبادەت ئىسلامىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «ئەۋرەت» ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق، چۈشىنىشلىك ۋە توغرا تەلىمات بېرىپ مۇنداق دېگەن:

«— ئەۋرەت نەدۇر؟

— ئەرلەرنىڭ ئەۋرىتى كىندىكىنىڭ تۆۋەنىدىن تىزىغىچىدۇر.

— ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى نەدۇر؟

— ئاياللارنىڭ يۈز، قول، ئاياغلىرىدىن بۆلەك تامام بەدىنى ئەۋرەتتۇر» («ئىبادەت ئىسلامىيە» 14 - بەت).

دېمەككى، يۇقىرىقى ئايەت ۋە تەلىماتلاردىن «ئەۋرەت»نىڭ قەيەرلەر ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى. ۋەھالەنكى «ئىبادەت ئىسلامىيە»نىڭ قەشقەر «يېڭى ھايات» مەتبەسىدە رەسمىي كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغىنىغا ھازىر 60 يىلچە بولدى. ئۇنىڭدا بۈيۈك ئۇستاز ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزى:

«ئاياللارنىڭ يۈزى ئەۋرەت ئەمەس....» دەپ ئاللىقاچانلا ئوچۇق ئېيتقانىدى.

مەلۇمكى، بىزنىڭ مەرىپەتسۆيەر جامائەتىمىز، ئاق كۆڭۈل، كەڭ كۆڭۈل ئەھلى-ئەۋلادلىرىمىز ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئالىمى، ئەقىللىق ئوغلى، جاھالەتكە ۋە مىللىي ھەم مەنىۋى مۇنقەرزلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى ۋە شانلىق قۇربانى مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزنى ھەر دائىم يۈكسەك ھۆرمەت، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. سەممىي سېغىنىش بىلەن ئەسلەيدۇ. چەن قەدىردانلىق بىلەن، ھەسرەت-نادامەت بىلەن ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك روھىنى يادلايدۇ.

شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇ زاتنىڭ قۇرئاننى قەيت قىلغان ئاغزى ۋە مۇبارەك قەلىمىدىن قايناپ چىققان «ئىبادەت ئىسلامىيە» نى قاچان، قانچىلىك ئوقۇدۇق ۋە ئۇنىڭدىكى: «ئاياللارنىڭ يۈزى ئەۋرەت ئەمەس...» دېگەن تەلىماتىنى قانچىلىك چۈشەندۇق ۋە قانداق ئەمەل قىلىپ كەلدۇق؟!

مېنىڭچە ئۇ كىتابنى ئاما ئانچە ئوقۇيالمىدى. بۇنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ بىر مۇنچە سەۋەبلىرى بار.

1. ئۆتمۈشتىكى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلارنىڭ «نادانلاشتۇرۇش» ئاپەتلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچراپ كەلگەن بىزنىڭ ئەھلى-ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ساۋاتسىز «نادان» بولدى.

2. «ئوقۇغان...» لىرىمىزنىڭمۇ ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپچىلىكى «زىر-زەۋەر» لىك ۋە ھەيۋەتلىك ھەر يوغان كىتابلارنى ئوقۇيالىغىنى بىلەن ئەمما ئادەتتىكى خەتلەرنى «قاراخەت» دەيتتى - دە، «ئىبادەت ئىسلامىيە» دەك زىر-زەۋەرسىز كىتابلارنى ئوقۇيالمايتتى. چۈنكى، كونا مەكتەپ «قارا خەت» ئۆگىنىشنى قاتتىق چەكلەيتتى. تالىپ باللارنىڭ قەلەم-قېرىنداش تۇتقىنىنى (خەت پۈتكىنىنى) كۆرۈپ، بىلىپ قالسا، ئوقۇتقۇچى (خەلپەتلەر) ئۇ بالىنىڭ بەش بارمىقىنى غۇۋەمەكلەپ تۇتقۇزۇپ تىرنىقىغا تاياق ياكى بىستەر (سىزغۇچ) بىلەن ئۇراتتى.

دېمەككى، مۇستەبىتلەرنىڭ «نادانلاشتۇرۇش» مەقسەتلىرىگە ماسلاشقان «مەكتەپ» ھەم موللام (مۇئەللىم) لىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ ئەھۋالى ئاشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ۋە شاگىرتلىرىنىڭ كۆپىمۇ «ئوقۇغان ساۋاتسىزلار» بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا ئۇلار «ئىبادەت ئىسلامىيە» دەك كىتابلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم قېلىۋېرەتتى-دە، ئۆزلىرى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرۈۋېرەتتى. نادانلىق دۇنياسىدا ئىشلار يۈرۈشۈۋېرەتتى.

3. «ئوقۇغان»... لارنىڭ ئۆزلىرى بىلىدىغان كىتابلار ئىبارىسىدىن ئۆزلەشتۈرگەنلىرى مۇشكۇل ۋە مۇرەككەپ ئەرەب ياكى پارسىتىللىرىدا بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىپ يېتەلمەس بولغانلىقتىن، بەزىلىرىنى ناتوغرا ياكى خاتا چۈشىنىۋېلىش ۋە ئاممىغىمۇ شۇ بويىچە چۈشەندۈرۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋەردى. مەسىلەن، قۇرئاندىكى «ئۈچ قېتىم تالاق قىلغان بولسا» دېگەننى «ئۈچ تالاق قىلسا» دەپ، ناتوغرا چۈشىنىۋېلىپ، قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان شۇ بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنگە ئوخشاش....

4. نادانلىق ئاپىتى تۈپەيلىدىن بىزدە قاتماللىق، قاششاقلىق، تۇرغۇنلۇق ھالىتى دەھشەتلىك رەۋىشتە ئېغىر ۋە ئۇزۇن بولدى. جاھالەتنىڭ جەبىردىسى، خۇراپاتنىڭ خورەكلىرى بىزنى غايىلىبەقتا قالدۇردى.

5. ئەرەب جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇق قاش-

شاقىلىقلىرى قوشۇلغان بەزى قالاق قائىدە-
يوسۇنلىرى ۋە بەزى ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزى-
مىزنىڭ دىن ئىچىدىكى روھىمىزنىڭ كۈچى بى-
لەن كۈچەيتىۋېلىپ، ئەرەبنىڭ بولغىنى ئۇ-
چۇنلا «مۇقەددەس» بىلىپ، ئۇنداق ئادەتلە-
رنىمۇ ئىسلام ئېتىقادىقاتارىدا داۋاملاشتۇرۇپ
كېلىۋەردۇق.

5. «يامان بولىدۇ...» لىرىمىزنىڭ كۆپلۈ-
كىدىن قورقۇپ، «ياخشى بولىدۇ» غا ئېغىز
ئاچالمايدىغان «مۆمىن-بىچارىلەر» بولۇپ،
خۇراپاتنى «خۇدا» قىلىۋېلىشلار، بەزىبىر نا-
دانلارنىڭ پەتىۋاسى، پىتنە-ئېغۋاسىغا قارى-
غۇلارچە قۇللۇق قىلىشلارمۇ كۆپىيىپ كەل-
دى. پاكىستاننىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىش-
كەن زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىمى ئابدۇ-
سالام ئېيتقاندەك: «دىنىي تۈس ئالغان بەزى
پەتىۋالار ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم-پەن تەرەق-
قىياتىغا توسقۇن بولۇپ كەلدى». شۇنداقلا
بىزدىكى ئاز بولمىغان «پەتىۋالار» مۇ تەرەق-
قىياتىمىزغا ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بېرىدچە توس-
قۇن بولۇپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ.

7. قۇرئاننى توغرا شەرھلەپ بەرگۈچى-
نى (ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزىدەك زاتنى)
ئۆلتۈرۈۋەتتۇقكى، كىم يېڭىلىققا ئۈندىسە،
ئۇنى «جەدىت-كاپىر...» دەپ، جەدىت دې-
گەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ باق-
مايلا ئۇنىڭغا زاۋال تىلەپ «قارغاپ»، كىم
كونىلىققا ئامراق بولسا، شۇنى «پىر» تۇتۇپ،
پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ، جاھالەتنىڭ جان پە-
دالىرى بولۇپ مېڭىۋەردۇق.

8. قۇرئاندا ئاللاھ «ئىقرە» (ئوقۇ) دېسە،
بەزىلىرىمىز ئۇنى پەقەت «ئىبادەت ئىلمىنى
ئوقۇش...» دەپ چەكلىمەك چۈشىنىۋالدۇق-تە،
ئىلىم-پەننى «ئادەم پەللەيدىغان نەرسە...
مەجۇسلەرنىڭ ئىشى...» دەپ، پەننىي كىتاب-
لارنى، ئىلمىي ئەسەرلەرنى بولسا «بىسمىللا-
سى يوق كىتاب، توغرا يولدىن ئازدۇرىدىغان
نەرسە...» دەپ قارىدۇق. بالىلىرىمىزنى يې-
ڭى مەكتەپلەرگە بەرمەي، مەرىپەت دۇنياسى-
نىڭ تەرەققىيات- مەنبەلىرىدىن مەھرۇم
حالدا خۇددى قاراڭغۇ قازناققا كىرىۋېلىپ،
شۇي قەدرىنى تىلەپ تۆگۈلۈككە تەلمۈرگەن-
دەك ياشاپ كېلىۋەدۇق.

9. پۇل قوغلىشىش، ئىلىم - پەننى قوغلىشىش-
تىن كۈچلۈك بولدى. پۇل كۆپەيتكەنلىرىنىڭ
ئاقىللىرى ئادەم يولىغا، ئاگىمزلىرى شەھۋا-
نىي،ھايۋانىي يوللارغىمۇ ماگدى. پۇل، مال-
مۈلۈك، ئىناۋەت، ئابروي ۋە سالاپەتلەرنى
سەرمايە قىلىشلار ئارقىلىق قوشلاپ خوتۇن
ئېلىشلار، پات-پات خوتۇن يەڭگۈشلەشلەر،
شۇنىڭ ئەسناسىدا يۈز ياپقۇزۇشلارمۇ كۈچە-
يىپ باردى.

10. قۇرئاننى قارىسىغىلا ئوقۇۋەردۇق-تە،
ئۇنىڭدىكى: ئەدەب-ئەخلاق، ھالال-ھارام ۋە
مۇئامىلە-مۇناسىۋەت ھەم ئىلىم-مەرىپەت تەلە-
ماتلىرىنى تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ، مۇھاكىمە-
مۇلاھىزە- مۇنازىرىلەر ئېلىپ بارمىدۇق ياكى
ئېلىپ بارساقمۇ ناھايىتى چەكلىك، بىر تە-
رەپلىمىلىك، مەلۇم شەكىللىكلا بولدى. كۆپ
ھاللاردا، تولا مەسىلىلەردە «يامان بولىدۇ»
لاردىن، «ئېغىزغا كودۇمبا چىقىش» لاردىن
قورقۇش كۈچلۈك بولدى.

بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا تۈرلۈك ھەرىكەت-
لەر تۈپەيلىدىن مىللىي روھ ئەجەللىك زەر-
بىلەرگە ئۇچراپ، ئەقەللىسى مىللەتنىڭ ئۆرپ-
ئادەتلىرى توغرۇلۇق گەپ قىلىشمۇ «مىللىي
جىنايەت» كە ئوخشاش قورقۇنچلۇق نەرسىگە
ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ئاقىۋەتتە قانداق-
تۇر بىر تۈرلۈك بىچارىلىك ۋۇجۇدقا كېلىپ،
«ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، غىت قىلسىمۇ
يولۇڭغا يۈر؛ سىڭگەن موماڭنى يە؛ ئېشەكنىڭ
دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە، قولۇڭنى ئىسىت...»
دېگەندەك ئۆلىمەنلىك كەيپىياتلىرى كۈچە-
يىپ باردى. شۇنىڭ ئەسناسىدا ئىللەتلەر

ئاۋۇپ، ئەنئەنىۋى ئەدەپ-ئەخلاقلارمۇ ئۆزلۈك ئاپەتلەرگە ئۇچراپ كەلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، نادانلىق يەنىلا بالايى -ئاپەت بولدى

بىز ئەمدى يەنە ئۆز ماۋزۇيىمىزغا «ئايال-لارنىڭ يۈزى ئەۋرەتمۇ؟...» دېگەن مەسىلىگە كېلىمىز. چۈنكى، بۇ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىقراق، كەڭرەك ۋە چوڭقۇرراق مۇلاھى-زە يۈرگۈزۈش ۋە يېڭىچە پىكىرلەرنىمۇ مۇھا-كىمە قىلىپ كۆرۈش ھازىرقى كۈندە بىز ئۈ-چۈن يەنىلا زۆرۈر بولماقتا.

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاياللارنىڭ «يۈ-زىنى يېپىش» مەسىلىسى مۇسۇلمان دۇنياسى-دا ھازىرغىچە بىرلىككە كېلەلمىگەن مۇشكۈل، مۇرەككەپ ۋە چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرسى بو-لۇپ، بىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ ھەق-تە ھازىرغىچە خېلى كۆپ گەپ-سۆزلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم كونا پىكىرلەر دائىرى-سىدىن نېرى ئۆتەلمىدى. شۇڭا تۇرمۇشنىڭ بۇ ھەقتىكى ھالى بىر خىللا تۇرغۇنلۇق قې-لىپىدا داۋاملىشىپ كەلدى. ئەمدى بۇ خىل چوڭ ۋە مۇرەككەپ مەسىلە ھەققىدە مەندەك ئىقتىدارى ئاجىز، ئەقلىي چولتا ئاددىي بىر سەھرا ئوغلىنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ، ھۆكۈم خاراكتېرلىك بىر نېمە دېيىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. لېكىن شۇنداقتىمۇ ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر.... بولغىنى ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۆزەمنىڭ بەزى يۈزەكى شەخ-سىي چۈشەنچىلىرىم، قاراشلىرىم ۋە تونۇشۇم-نى توغرا ياكى ناتوغرا بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى بىر كىشىلىك ئىنسا-نىي ھوقۇقۇم دەپ قارايمەن. كۆپچىلىكنىڭ كۆرۈپ بېقىشى، ئاڭلاپ بېقىشى، خاتا بول-سا، تەنقىد، تۈزىتىش بېرىشلىرىنى سەمىمىي سورايمەن. لېكىن مېنىڭ بەزى پىكىر ۋە قاراش-لىرىم بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قاتمال كال-لىسىدىن ھەرگىز ئۆتمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ تىللاش، ھەتتا قارغاشلىرىدىنمۇ بىلىمەن.

مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇھەممەت ئەلەي-ھىسسالامنىڭ: بىلگەنلىرىڭنى بىلمىگەنلەرگە دېمىگۈچىلەرنىڭ ئاغزىغا ئاخىرەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ.... دېگەن ھەدىسلىرى بارلىقى مەلۇم. بۇ يۈگەننى بەلكىم بىلگەنلىرىنى بىلمىگەنلەرگە توغرىسى بىلەن دېمىگۈچىلەرنىڭ ئاغزىغا قاتمۇقات سېلىنسا ئەجەب ئەمەس.

مەيلى، قانداق بولسا ۋە نېمە بولسا شۇ بولسۇنكى، ھەقىقەت ئالدىدا گاچا بولماي، پىكىرىمنى بايان قىلىپ باقاي.

ئاللاھتائالا ئادەم ئاتىمىزنىڭ سول قوۋۇر-غىسىدىن ئېلىپ، ھاۋا ئانىمىزنى ياراتقىنىش ۋاقتىدا ئۇ ئادەمنىڭ تېرىسىدىنمۇ ئازراق شۇلۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئانىمىزنىڭ يۈزى-گە پەردە ياساپ قويغان ئەمەس. ھەر ئىك-كىسىنى ـ ئادەم ۋە ھاۋانى ئوخشاش قىلىپ ياراتقان. بولمىسا، ئايالنىڭ يۈزى ۋە كۆزىنى نىقاب، پەردىلەر بىلەن مەلۇم مەزگىلدە توساپ قويۇش تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئىرادىسى بولىدىغان بولسا، ئۇنى ئەزەلدىنلا تەبىئىي ھالدا شۇ يۈزىنى ياپىدىغان نەرسىلىرى بىلەن يارىتىش ئاللاھنىڭ قولىدىن ئەل-ۋەتتە كېلەتتىغۇ؟!

ئاللاھ ئۇنداق قىلمىغان. كۆرۈش ئۈچۈن كۆزنى بەرگەن. شۇ كۆز بىلەن مېنىڭ يارات-قان دۇنيايىمنى، كاراماتلىرىمنى كۆر؛ ياخشىلاردىن ئۆرنەك، يامانلاردىن ئىبرەت ئال، نازۇ - نېمەت، شېرىن - شەربەتلەرنى كۆرۈپ شۈكرى قىل ... دېگەن. بۇنى قۇرئان-دىكى: ئاياللىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، ئۇلار نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن!... دېگەن ئىبا-رىدىنمۇ ئوچۇق كۆرگىلى ۋە بىلگىلى بولى-دۇكى، ناۋادا ئاللاھ «ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن!» دېگىنىدە «يۈز، كۆزلىرىنىمۇ ياپسۇن!» دېگەن بولسا، ئۇنداقتا ھەرگىزمۇ

«تىكىلىپ قارىمىسۇن!» دېمەس ئىدى. چۈنكى، ياپقان كۆز بىلەن تىكىلىپ قارىغىلى بولمايدۇ - دە...

ھالبۇكى، ئاللاھ بەرگەن كۆزنى ئادەم توقۇغان لاتا بىلەن توساپ، پەردىلىشىۋېلىشنىڭ ئۆزى: سەن بەرگەن كۆز بىلەن دۇنيايىڭنى كۆرمەيمەن... دەپ، تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولماسمۇ؟!

ماقۇل، شۇنداق قىلسىمۇ قىلسۇن! ئاياللار يۈز-كۆزلىرىنى ياپسىمۇ ياپسۇن!... ئۇلارنىڭ يۈزىنى يېپىشى زادى نېمە ئۈچۈن؟!...شەرمى-ھايالىق بولغىنى ئۈچۈنلىمۇ؟... ئۇمۇ بار. ئەمما ئۇنىڭدىن بۆلەك يەنە «بىر مۇھىم» ۋە جىددىي تەرىپىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلاش، قوغداش، مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈندۇر!

دېمەككى، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ھۇجۇمدىن ساقلاش، قوغدىنىش مۇداپىئەسى ئۈچۈن يۈزلىرىنى ياپىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۇلار (ئاياللار) ئۆزلىرىنى جىددىي ۋە قەتئىي قوغدىمىسا بولمايدىغان خەۋپلىك ھەم قورقۇنچلۇق ھۇجۇمچى دۈشمەن كىم؟!

ئەلۋەتتە ئەرلەردە!... ئۇنداقتا ئەرلەر ئىپپەت-نومۇس ۋە شەرمى-ھايا، ئەدەب-ئەخلاق دېگەننىڭ ئەشەددى ھەم قورقۇنچلىق ۋە خەۋپلىك «ھۇجۇمچى» دۈشمەنلىرى بولۇپ قالدىمۇ؟!

ۋەھالەنكى، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ زورلاۋانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئەھۋالنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق قورقۇنچلۇق، خەۋپلىك ۋە نەپرەتلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ ۋە قانداق پەسكەش ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى چۈشىنىش، ئىزا تارتىش، نومۇس قىلىش ۋە سەۋەنلىكلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ ئۇنى تۈزىتىش، ئاياللارنىمۇ ئۆز پۇشتۇم، ئادەم ۋە بولۇپمۇ «ئانا» دەپ تونۇش، ئىنسانىي روھتا توغرا ۋە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە ۋە ئاگاھسىزلارچە بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى قورقىتىدىغان «نوچىلىقى» بىلەن ماختىنىپ كېلىشلىرى، كېرىلىپ يۈرۈشلىرى بەكمۇ ئەجەپلىنەرلىك، ئېچىنارلىق ۋە ئەپسۇسلىنارلىق بىر ھالدۇر. بۇنى ئەلۋەتتە ئەقلى ساغلام، زېھنى-ھوشى جايىدا ھەر بىر ئەر زاتىنىڭ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇرراق مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىغا تېگىشلىك زۆرۈر دىيەت دەپ ئويلايمەن.

ھازىر بەزى ئاياللارنىڭ يۈز يېپىشلىرىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەر بويىچە چۈشىنىشكە بولىدۇ:

1. ئەنئەنىۋى «تەربىيە» ۋە «ئادەت» بويىچە يۈزىنى يېپىشقا ئادەتلەنگەنلەر؛

2. «يۈزنى يېپىش ياخشى ئادەت» قىلسا ساۋاب، قىلمىسا گۇناھ بولىدۇ، جەننەت يا دوزاققا كىرىدۇ.... دەپ چۈشەنگەنلەر؛

3. يۈز يېپىشنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ «شەرتى» دەپ بىلگەنلەر؛

4. «يۈز ياپقان ياخشىكەن...» دەپ، دوراپ ياپقۇچىلار؛

5. «يۈزىنى ياپىدىغان ياخشى ئايال ئىكەن دېسۇن!» دەپ، رىيا ئۈچۈن يۈز ياپىدىغانلار؛

6. سۆلەت ئۈچۈن پوزۇر رومال بىلەن يۈزىنى ياپقانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىدىغانلار؛

7. ئۆزىنىڭ سەتلىكى ياكى ئىيۋەن ۋە ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يۈزىنى يېپىۋالىدىغانلار؛

8. زورلۇق كۈچىدىن يۈز يېپىشقا مەجبۇر بولغانلار...؛

9. خۇشى كەلسە يېپىپ، خۇشى كەلمىسە يۈزىنى ياپمايدىغانلار؛

10. يۈز يېپىش ئار قىلىق ئالدايدىغانلار. كۆرسە «بۇۋۇم»، كۆرمىسە «كۆرۈم» بولىدىغانلار. ھەتتا

يۈزىنى يېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پۇرقىرىتىپ تاماكا ۋە پىنەكلەپ نەشىمۇ چېكىدىغانلار، غەيرىي رەسمىي ئەركىمۇ تېگىدىغانلار ۋە باشقا ۋە باشقىلار...

دېمەككى، زورلۇق، زوراۋانلىق ۋە بېسىم بار يەردە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئېتىراز، نارازىلىق ۋە قارشىلىقمۇ ئەلۋەتتە بولىدۇ.

ۋەھالەنكى، ئادەملەر بىر - بىرىگە ئىشەنمەي، لاتىغا ئىشىنىشنىڭ ئۆزى نېمە؟!... ئاقىللىقمۇ ياكى ئەخمەقلىقمۇ؟!...

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاللاھ ئۆز كالامىدا: ئاياللارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن!... دېسە، ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى ئەۋرەتلىرىگە قوشۇپ يۈز - كۆزلىرىنىمۇ يېپىۋېلىشى ئۇلارنىڭ ئۆز قەدرى-قىممىتىنى، بولۇپمۇ ئادەملىك ئىززىتى، ئانىلىق ئېتىبارىنى ئۆز لايىقىدا چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكى، ئۇنى بىلىشتىن مەھرۇم قالغانلىقى، ياكى ئۆز ئېتىبارى بويىچە تېخىمۇ ئېنىقراق دېسەك، ئانىلارنىڭ ئۆز ھۆسنى-جامالىنى ئەۋرەتلەر قاتارىدا كۆرۈشى-ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى خورلىغان، ھاقارەتلىگەندىن بۆلەك نەرسە ئەمەس.

بۇنى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئاياللارنىڭ، ئانىلارنىڭ، ھەمشىرىلىرى ھەم قىزلىرىنىڭ ھۆسنى - جامالىنى «ئەۋرەت» دەيدىغان ۋە شۇ نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، بۇ ئىنسانىي سۈپەت ۋە ئادەملىك سالاھىيەت، ئانىلىق ھۆرمەت ئالدىدا كەچۈرگۈسىز ئېغىر ھاقارەتتۇر. ئەگەر ئاياللارنىڭ ھۆسنى - جامالى «ئەۋرەت» دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئەرلەر ئاشۇ ئاجايىپ يەرلەرگە ئوخشايدىغان يۈز - كۆزلىرىنى پۇراپ، شوراپ، يالايدىكەن - دە، ئۇنداق بولسا، ئەرلەرنىڭ كۆڭلى نېمانچە پەس - ھە؟!

دېمەككى، مېنىڭچە ناۋادا ئاياللارنىڭ يۈز - كۆزى «ئەۋرەت» دېيىلسە، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان خۇلاسىنىڭ ئېنىق مەنىسى ۋە ئومۇمىي نەتىجىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

ھەي، كاشكى!... مەندە شۇنداق بىر ھوقۇق بولغىنىدا ئىدى، ئاياللىنىڭ يۈزىنى مەجبۇرىي ياپقۇزغان ئەرلەرنىڭ ھەننىۋاسىنى يىغىپ، ئۇزۇن كۆڭلەك، چوڭ چاپان كىيگۈزۈپ، يۈز - كۆزلىرىنى ياپقۇزۇپ، باغرىدىغا بىردىن بالىنى تېڭىپ، توپىلىق ۋە ئېگىز-پەس يوللاردا يورغىلاپ مېڭىشقا كۆپىمۇ ئەمەس، ئۈچ كۈنلا مەجبۇرلىغان بولاتتىم.

ئەمدى ئۆزەمگە نىسبەتەن ئالغاندا، قىزىل قاندىن ئاق سۈت ئايرىپ بەرگەن مۆھتىرەم ئانام، ئەزىز ئانامنىڭ مۇبارەك ھۆسنى-جامالىنى «ئەۋرەت» دېيىشنى ئىنسانىي ۋىجدان ئالدىدىكى جىنايەت... دەپ تونۇيمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۆشۈكتىن باشلاپ بالىلىرىمىزنىڭ تەربىيىچىسى، پىرى، ئۇستازى بولىدىغان بەزى ئانىلارنىڭ بۈگۈنكى ئالەم، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەۋاتقان ھازىرقى كۈنلەردىمۇ قۇللۇق ۋە فېئوداللىق ئۆتمۈشىنىڭ قالدۇق قاراڭغۇلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىننەتلىك نانغا بەندە بولۇپ يۈرۈۋەرمەسلىكىنى، مەرىپەت دۇنياسىغا يۈزلىنىشىنى، ئۆزلىرىنى بىلىشنىڭ ئۆزى بىر بىلىم، بەلكى چوڭ بىلىم ئىكەنلىكىنى، چەكتىن ئاشۇرۇپ، ھەددىدىن ئېشىپمۇ كەتمەسلىكىنى؛ ئەر بۇرادەرلەرنىڭمۇ ئاتوم زامانىغا لايىق چۈشەنچە ۋە ئىنساپقا كېلىشلىرىنى ۋە يەنە ئۇلۇغ ئۇستاز ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزنىڭ «ئاياللارنىڭ يۈزى ئەۋرەت ئەمەس» دېگەن تەلىماتىنى ئەقلى-ھوشى جايىدا بارلىق ئۇيغۇر ئەۋلادىنىڭ يېڭىباشتىن ئوبدانراق ئوقۇپ، چوڭقۇراق ئويلىنىپ بېقىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

1987- يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى


مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت




## قازاق ئەدەبىياتى

«تۇغۇلغاندا ئاچار دۇنيا شېئىر بىلەن ئىشىكىنى،
كىرەر يەنە يەر قوينىغا شېئىر بىلەن كىشى تېنى» —

دېگەن شېئىر ياغاچ بۆشۈكتىن يەر بۆشۈككە كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قازاق خەلقىنىڭ ئۆمرى شېئىر (ئۆلەڭ) بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مول مەنبەگە، چوڭقۇر مەزمۇنغا، يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە پۈتمەس خەزىنىدۇر. يەر يۈزىدىكى خەلقلەرنىڭ فولكلورلىرىدا تونۇلغان خىلمۇ - خىل ژانىرلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك قازاق ئەدەبىياتىدىن تېپىلىدۇ. ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەر، رىۋايەتلەر؛ يۈكسەكلىككە تەلپۈنگەن، قىيىن - جاپالىق ئىشلارغا غۇلاچ تاشلىغان ئاجايىپ خىيالىي ھېكايىلەر؛ تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زېھنىي كۈچىنى ئۆستۈرۈش، لوگىكىلىق تەپەككۇرنى كۈچەيتىش ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان ئېيتىلىش جەھەتتىن قاپىيىداش بولغان سۆزلەر؛ بوۋاقلار بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەرگە تەربىيە بېرىدىغان باللار چۆچەكلىرى؛ تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ - خىل يوللىرى بىلەن ھەر خىل زىددىيەتلىرىنى كۆزىتىشتىن پەيدا بولغان ماقال - تەمسىللەر؛ قەلب ساداسىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەتتىكى ناخشىلار؛ كوچا ناخشىلىرى؛ جەمئىيەت تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ناخشىلار؛ جان - جانىۋارلار توغرىسىدا ناخشىلار؛ يەنە بېلىق ناخشىسى؛ ئۆزلىرى ياشىغان زېمىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇرىدىغان تاغ (يەر، سۇ) ناخشىسى؛ تارىخ شەجەرىسىدىن بىلىم بېرىدىغان ئاتىلار ناخشىسى؛ تۇغۇلغاندىن ئۆلگەنگە قەدەر ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ناخشىلار؛ تۇرمۇش، قائىدە - يوسۇن قوشاقلىرى - بۆشۈك قوشىقى، توي مۇراسىمىنىڭ باشلاش قوشىقى، يار - يار، يۈز ئېچىش قوشىقى، تونۇشۇش (ئۆزلىشىش) قوشىقى، خوشلىشىش قوشىقى، يوقلاش قوشىقى، كۆڭۈل ئېيتىش قوشىقى، تەسەللىي بېرىش قوشىقى؛ دىنىي مەزمۇندىكى ناخشىلار — رامازان ئېيتىش، شەرىئەت ناخشىسى، باخشى - داخان قوشاقلىرى ۋە باشقىلار.




قازاقلاردا «باتۇرلار ناخشىسى» ناملىق زور ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلەنگەن تارىخىي داستانلارنىڭ سانى ئاتمىشتىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ داڭلىقلىرى: «ئالپامىش»، «ئەر تارغىن»، «قەمبەر»،

---

* بېشى ئالدىنقى سانلاردا

«قوبلاندى باتۇر» ناخشىلىرى. بۇنىڭدىن باشقا «قوزى كۆرپەش- بايان سۇلۇۋ»، «قىز جىبەك» قاتارلىق ئېلىنغان ئاشىق - مەشۇق داستانلىرى، «قازاق قىسسەلىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان «بەختىيارنىڭ قىرىق پۇتىقى»، «تۇتىنامە»، «قىرىق ۋەزىر»، «قىرىق باتۇر» قاتارلىق ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان داستانلار بار. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قازاق ئەدەبىياتىدىكى چوڭ قىسسە، داستانلار ئىككى يۈزدىن ئاشىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال قازاق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ «ناخشا دېڭىزى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قازاق خەلقىنىڭ رومانتىكىلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەڭ كۆركەم لېرىكىلىق ئاشىق- مەشۇق داستانى «قوزى كۆرپەش - بايان سۇلۇۋ» نىڭ ۋەقەلىكى ھەقىقىي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان. بۇ داستاندا، بىر - بىرىنى سۆيگەن قوزى كۆرپەش بىلەن بايان سۇلۇۋنىڭ پاك مۇھەببىتى كۈيلىنىدۇ. بۇ داستاننىڭ قازاق خەلقى ئارىسىدا تارقالغان ئون ئالتە خىل ۋارىيانتى بار. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى: بايان سۇلۇۋنىڭ ئاتىسى قاراباي بىلەن قوزى كۆرپەشنىڭ ئاتىسى ساربىباي بىپايان دالىدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، بىر بوغاز مارالنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇلار بۇ مارالنى ئېتىشقا پېتىنالمايدۇ، چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ ئاياللىرى ئېغىر ئاياغ ئىدى. ئۇلار بۇ ئەھۋال ئۈستىدە مۇڭدىشىپ كېلىپ: ئەگەر ئىككىمىزنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغسا، بالىلىرىمىز بىر-بىرى بىلەن ئۆمۈرلۈك دوست بولسۇن، ئەگەر بىرسىمىزنىڭ ئايالى ئوغۇل، بىرسىمىزنىڭ ئايالى قىز تۇغسا، ئۆزئارا قۇدا بولايلۇق - دە، بىر - بىرىگە يار قىلىپ چېتىپ قويايلى دېيىشىپ ۋەدە قىلىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ساربىباي ۋاپات بولىدۇ. ساربىباينىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغىدۇ، ئىسمىنى قوزى كۆرپەش قويىدۇ؛ قارابايىنىڭ ئايالى ئىنتايىن چىرايلىق قىز تۇغىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى بايان سۇلۇۋ قويىدۇ.

بايان سۇلۇۋنىڭ دادىسى ئىنتايىن بېخىل، مال- دۇنياغا تويمايدىغان ئاچكۆز بولغاچقا، ئاتىسى ئۆلۈپ يېتىم بولۇپ، كەمبەغەللىشىپ كەتكەن قوزى كۆرپەشكە بايان سۇلۇۋنى بەرگۈسى كەلمەيدۇ - دە، بۇ ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان يىراق بىر يۇرتقا كۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ خاتىرجەم بولالماي، چەكسىز قۇملۇق چۆللەرنى بېسىپ، ئالتاي ئەتراپىغا، ئىرتىش دەريا ۋادىسىغا، ئۇنىڭدىن ئېشىپ يەنە تەگرىتېغىغا چىقىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە كېتىدۇ.

بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن سۆيگەن قوزى كۆرپەش بىلەن بايان سۇلۇۋنىڭ ئاشىقلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىدۇ. قوزى كۆرپەشنىڭ ئۆزىنى ئىزلەپ تېپىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بايان سۇلۇۋ كۆچۈپ- قونغان جايىنىڭ ھەممىسىگە مارجانلىرىنى، ھالقىسىنى، بىلەيزۈكىنى، ئۈزۈكىنى، سىرغىسىنى ۋە باشقا زىبۇ - زىننەتلىرىنى بەلگە قىلىپ تاشلاپ كېتىدۇ. قوزى كۆرپەش نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مۇشۇ بەلگىلەر بويىچە ئىزلەپ يۈرۈپ، قارابايىنىڭ ئاۋۇلىنى تاپىدۇ ۋە قويچى كىيىمىنى كىيىپ، قارابايىنىڭ قويىنى بېقىپ يۈرۈپ بايان سۇلۇۋ بىلەن تېپىشىدۇ.

ئاچكۆز ۋە قارا نىيەت قاراباي بايان سۇلۇۋنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە گۈزەل جامالىغا قىزىقىپ ئاشىق بولۇپ كەلگەن توقسان يىگىتكە بايان سۇلۇۋنى بېرىمەن دەپ گوللاپ، مال باققۇزۇپ، خىزمەتكە سالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا سۇسىز چۆلدىن قۇدۇق قېزىپ، سوغا بىلەن سۇ تارتىپ چىقىرىپ 90 مىڭ يىلقىنى چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتقۇزغان قودار پالۋانغا بايان سۇلۇۋنى بەرمەكچى بولىدۇ. بايان سۇلۇۋ بۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا قاراباي بىلەن قودار

قويچى قىياپىتىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن قوزى كۆرپەشنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

قوزى كۆرپەشنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇرغان بايان سۇلۇۋ قودارغا خەنجەر سالىدۇ-دە، ئارقىدىن ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

بۇ داستان بىر - بىرىنى سۆيگەن ئىككى ياشنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان پاك مۇھەببىتىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل كۈيىنى، باشتىن كەچۈرگەن قايغۇ - ھەسرىتىنى ھەمدە ئىراگېدىيىلىك تەقدىرىنى تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ داستاندا قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى، قائىدە- يوسۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئەركىنلىك يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى كۈيلىنىدۇ ۋە فېئودال-پاتىرىئارخاللىق جەمئىيەت تەنقىد قىلىنىپ، قاتتىق پاش قىلىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق باي ھەم قىممەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن قازاق خەلقىنىڭ يازما ئەدەبىياتىمۇ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلغان. XIX - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزدىكى قازاقلار ئىچىدىن نادىر داستانلارنى ياراتقان ئەسەت نايمانباي ئوغلى، ئاقىت ئۇلىمجى ئوغلى، قىزىر مامىربېك ئوغلى، تاڭجارىق جولدى ئوغلى قاتارلىق تالانتلىق شائىرلار مەيدانغا كەلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، قازاق ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. قاۋىسلقان، قۇرمانئەلى، ئېبرغەلى، رەخمەتۇللا، ماقاتان، ماغاز، كونگەيگە ئوخشاش شائىر - يازغۇچىلار ئۆسۈپ يېتىلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قازاق ئەدەبىياتى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. 1980-يىلىنىڭ ئۆزىدىلا ياقۇپمىرزاقان ئوغلىنىڭ «ئارمان چوققىسىدا»، ئورازبېك ئەبدۇل ئوغلىنىڭ «ئۇستاز»، جۇماباي بىلال ئوغلىنىڭ «تۆزلەڭلىكتىكى يۈرۈش» دېگەن چوڭ رومانلىرى نەشىر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھازىر شىنجاڭدا قەلىمى پىشقان ۋە دائىم يېزىپ كېلىۋاتقان قازاق شائىر ۋە يازغۇچىلىرى 200 دىن ئاشىدۇ. بۇلار رومان، پوۋېست، ھېكايە، ئوچېرك، شېئىر، دراما، كىنو سىنارىيىسى، ئوبزور، تەتقىقات قاتارلىق ئوخشاش ھەر تۈرلۈك ژانىرلاردا ياخشى ئەسەرلەر يېزىپ كېلىۋاتىدۇ.

## قازاق قوشاقچىلىرىنىڭ ئېيتىشىشى

قازاق قوشاقچىلىرىنىڭ ئېيتىشىشى — قازاق خەلقىنىڭ ناخشا سەنئىتىنىڭ نەق مەيدانىدا ئورۇندىلىشى بولۇپ، بۇ، ھازىر جاۋاب قوشاقچىلار بىلەن تالانتلىق ناخشىچىلارنىڭ نەق مەيداندا كۆپچىلىك ئالدىدا ماھارەت كۆرسىتىدىغان سەھنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوشاقچىلار ئېيتىشىشىنىڭ مەزمۇنى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۇنىڭدا: مۇراسىم ناخشىسى، شېئىرىي تېپىشماق، ئاتا ناخشىسى، بېلىق ناخشىسى، تاغ ناخشىسى، ئادەتتىي ناخشىلار... قاتارلىق ناخشىلارنىڭ ھەممىسى ئېيتىلىدۇ....

ئېيتىشىشتا، ئادەتتە ئېيتىشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال بولىدۇ. بەزىدە ئەر بىلەن ئەر ئېيتىشىدۇ. ئېيتىشىش — سۆز ئۇتقۇنسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھەرقانداق ناخشا - قوشاق، بىرەر ئادەم ياكى بىرەر قەۋمنىڭ كەمچىلىكىنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن ئېيتىشىشقا چۈشكەن قوشاقچى ئەيىبلەنمەيدۇ. كۆپچىلىك بۇلارنىڭ ئېيتىشىشىنى باھالايدۇ. يەڭگەن قوشاقچىغا مۇكاپات بېرىلىدۇ. يېڭىلگەن قوشاقچى بۇ قېتىمقى ئېيتىشىشنى يۇرت ئىچىگە تارقىتىدۇ. بۇ، ئېيتىشىش بالا تۇغۇلغان خۇشاللىق كۈنلەردە ۋە باشقا خاسىيەتلىك توي - مەرىكىلەرنىڭ

ھەممىسىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ قازاق خەلقىنىڭ قوشاقچىلىق سەنئىتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى ۋە قوشاقچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپتۇر. قوشاقچىلار ئېيتىشىشى يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىباب تىياتىرنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ.

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن بۇيان، قازاق خەلقىنىڭ قوشاقچىلار ئېيتىشىشى ئاممىۋى خەلق مەرىكىسى قاتارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى قازاقلار ئولتۇراقلاشقان ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر يىلى قوشاقچىلار ئېيتىشىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. گۈل- چېچەكلەر ئېچىلىپ ئەتراپىنى گۈللەر ھىدى قاپلىغان ياپلاقتا ئاق كىگىز ئۆيلەر قاتار - قاتار تىكىلىپ قوشاقچىلار ئېيتىشىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. قوشاقچىلار ئېيتىشىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئات بەيگىسى، چېلىش مۇسابىقىسى، ئوغلاق تارتىش، قىز قوۋار قاتارلىق ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ. قازاقلارنىڭ تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ ناخشىچى - ئۇسسۇلچىلىرى يىغىلىپ تىياتىر ۋە كونسېرت قويىدۇ. ناخشا - قوشاقچىلار قازاق خەلقىنىڭ تارىخىي داستانلىرىنى ئېيتىدۇ. ناھىيە دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئېيتىشىشلاردا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ناخشا - قوشاقچىلار ۋىلايەتلىك ئېيتىشىشقا، ئۇ يەردە نەتىجىگە ئېرىشىپ يېڭىپ چىققانلار ئوبلاستلىق ئېيتىشىشلارغا قاتنىشىدۇ. بۇنداق ئېيتىشىشلار ئون نەچچە كۈنگىچە داۋام قىلىدۇ.

مۇشۇنداق ئېيتىشىشلاردا مۇنەۋۋەر ناخشا، شېئىر - قوشاقلار توپلىنىپ، رەتلىنىپ كىتاب قىلىپ تارقىتىلىدۇ. قازاق خەلقىنىڭ ھازىرقى ئېيتىشىشى بۇرۇنقىدەك نوقۇل ھالدىكى قوشاقلار ئەمەس، بەلكى قازاق خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ ھازىر ئاممىۋى مەدەنىيەت بايرىمىغا ئايلىنىپ قالدى. (داۋامى كېيىنكى ساندا)

**دانىشمەنلەرنىڭ نەسىھەتلىرىدىن...**

دانالارغا ئىززەت- ھۆرمەت قىلغىن. ھەر نەرسىنى بىلىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭنى بىلمەسكە سالغىن، ئۆگەنمەك ئىشىكى ساڭا ئوچۇق بولغاي.

ساڭا ئادەملەر ھەرنەكى دېسە قولاق سالغىن، لېكىن ئەمەل قىلماق ۋاقتىدا ھوشيار بولغىن.

ئۇلۇغلۇققا يېتىدىغان ئاپەت ئىككىدۇر: بىرى، كىبىر؛ بىرى، زۇلۇم. كىشىنىڭ يامانلىقى ئىككى نەرسە بىلەندۇر: بىرى، ئەيىبىنى بىلمەسلىك؛ ئىككىنچىسى، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاچماقلىق. ئىككى نەرسە باردۇر ھەممىدە باراۋەر بولماس: بىرى، ئەقىل؛ بىرى، شىجائەت. ئۆز ھالىنى ئىككى كىمەرسىدىن پىنھان تۇتماسلىق كېرەك: بىرى، تېۋىپتىن؛ ئىككىنچىسى، مېھرىبان دوستىدىن. ئىككى كىمەرسىنىڭ ئاقىۋىتى يامانىدۇر: بىرى، ئۆزرىنى قوبۇل ئەتمەسلىك؛ ئىككىنچىسى، يالغان قەسەم بەرمەكلىك. ئىككى نەرسىدە ئەسلا پېقىرلىق يوقتۇر: بىرى، ئىلىم ئۆگەنمەك؛ ئىككىنچىسى، قانائەت قىلماق.

«نادىرىل مېھراج» ناملىق كىتابتىن

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: سايىت مۇھەممەت

تۇرمۇش رەسىملىرى

# خرىستىئان مىللەتلىرىدىكى بىر ئەنئەنىۋى ئادەت





ئابلەمەت روزى

خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىنو، تىياتىر، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئەر - ئاياللار (ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ھەتتا چوڭ ياشتىكى كىشىلەرنىڭمۇ) نىڭ ئۆز ئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ، ئاشكارا ھالدا سۆيۈشۈپ، قۇچاقلاشقانلىقىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلار سۆيۈشۈپ، قۇچاقلاشقاندا ھېچقانداق تەپتارتىش، تارتىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىستان، ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسى-

ئۆرپ-ئادەتلەر

يادىكى بىر مۇنچە مىللەتلەر، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاسىيا، ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ كىنو، تىياتىر، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا كۆرسىتىلگەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇشىدىمۇ مۇنداق ئادەت يوق دېيەرلىك. ھازىرقى كۈندە شەھەر - يېزىلاردا قويۇلۇۋاتقان ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى مەملىكەتلەرنىڭ كىنولىرى ۋە ئائىلىلىرىمىزدىكى تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا مۇنداق ھەرىكەتلەر پات - پات كۆرۈنگەندە، بىللە ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتقان ئاتا - ئانا، ئوغۇل - قىز، كېلىن، كۈيئوغۇل، نەۋرە ۋە ھەر خىل ياشتىكى ئائىلە ئەزالىرىدا خېلى كۈچلۈك ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىنماقتا.

ئىسلام ۋە بۇددا دىنى ئەنئەنىسىدە «مۇھەببەت» بىر خىل يوشۇرۇن روھىي پائالىيەت بولۇپ، كىشىلەر ئالدىدا جىسمانىي جەھەتتىن ئاشكارا ئىپادە قىلىش ئەدەبتىن ھالقىغان ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇن يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتسىمۇ چىرىمەيدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن قىممەتلىك ھېسابلانغىنىدەك، مۇھەببەتمۇ قانچىكى ئەدەب پەردىسىگە ئورالغاندا، ئۇ، شۇنچىلىك گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقىدىكى «پەرھات - شېرىن»، «تاھىر - زۆھرە»، «لەيلى - مەجنۇن»، «غېرىب - سەنەم»، «رابىيە - سەئىدىن»... قاتارلىق كىلاسسىك مۇھەببەت داستانلىرىدىمۇ مۇنداق ھەرىكەت ئەسلا كۆرۈنمەيدۇ. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى يۇقىرىدىكى «ئاشىق - مەشۇق»لار ھەققىدە سۆز قىلغانلىرىدا: «... ئاشىق - مەشۇقلار تاكى مەقسەتكە يېتىپ ۋىسالغا ئېرىشكۈچە، ئالدىنئالا ۋاقىتلىق سۆيۈشۈپ، قۇچاقلىشىش ھەتتا بەدەن ئەزالىرىنى تۇتۇشتەك جىسمانىي پائالىيەت سادىر بولىدىغان بولسا، ئىشىق ۋە مۇھەببەت ئوتى ئۆچىدۇ، ئۇ، ساپ، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت بولمايدۇ. مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ساپلىق، جەريانى، جاپالىق كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، مۇھەببەتنى «ئىشقىي ھەقىقىي» ۋە «ئىشقىي ماجازى» دېيىلگەن تۈرلەرگە ئايرىيدۇ... ئۇنداقتا خرىستىئان مىللەتلىرىنىڭ بۇ خىل ئادەتلىرى ئەدەبسىزلىك قاتارىغا كىرەمدۇ؟ ئۇلاردا ئۇيات-نومۇس دېگەن يوقمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئالغا «پۈتۈنلەي شۇنداق» دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمىسىمۇ، جاۋابنى، ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بارلىقىدىن تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

خرىستىئان دىنىي ئۆلىمالىرىنىڭ پىكرىچە، مىلادىيە يىلى باشلانغان بىرىنچى يىلى بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن بەش كۈن بۇرۇن يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى يىلىنىڭ (ئاغۇستۇس يىلىنىڭ 40 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بولغۇسى خرىستىئان دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ئېيسا (يېسۇ) روھۇللا قۇددۇس شەھىرى يېنىدىكى بەيدۇلخىم يېزىسىدا بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بولغان ئىمرانىنىڭ قىزى پىروزا كۆزلۈك مەريەم (مارىيە)دىن تۇغۇلغان. ئۇ، بۇ دۇنيادا 34 يىل ياشىغان.

ئىسلام ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا بايان قىلىنىشىچە، ھەر قايسى دىن پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر (يالۋاچ - ئەلچى) ئىكەنلىكىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا بىر مۆجىزە كۆرسىتىش لاياقىتىنى بەرگەنىكەن. جۈملىدىن ئېيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۈچ مۆجىزە: بىرىنچىدىن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش؛ ئىك-

كىنىچىدىن، قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئېچىش؛ ئۈچىنـ
چىدىن ئاق كېسەلنى ساقايتىش، يەنى «دوخـ
تۇرلۇق مۆجىزىسى» نى بەرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ
ئىسمى سۆيەتلىرى ئېيسا روھۇللا، ئېيسا مە-
سىھا، ئېيسا نەبىيۇللا دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ
جىمىكى مۇھىم مۆجىزىسى «نەپەس» (كۆكرە-
كىدىن چىققان تىنىق) كە بېرىلگەن (ئۇ، ئۆ-
زىمۇ نەپەستىن يارالغان). خرىستىئان مۇتە-
پەككۇرى يۇھەننا ئىبنى ھەيلاننىڭ «ئىنجىل
يۇھەننا» كىتابىغا بەرگەن ئىزاھلاش تەبىرىدە:
«بېلى مۈكچەيگەن ئاق چاچلىق ئايال ئۆز
ھامىسى بولغان ياش ئوغلىنىڭ جان ئۈزگەن
پەيتىدە ئېيسا روھۇللاغا يەر - ئاسماننى زىلـ
زىلىگە كەلتۈرگىدەك قەھرلىك نالە - پەر-
ياد بىلەن مۇراجىئەت قىلدى: «ئەگەر سەن،
گۇناھىي كەبىردىن پاك بولغان نەۋجۇۋان ئوغـ
لۇمنىڭ ئۇچقان جېنىنى قايتىدىن جەسىتىگە
كىرگۈزۈپ تىرىلدۈرسەڭ، دىنىڭ توغرا، ئۆزەڭ
پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن» دېدى.
ئېيسا روھۇللا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىـ
لىپ، بۇ مومايىنىڭ ئوغلىنىڭ جەسىتىنىڭ پې-
شانە قىسمىغا بىرنى سۆيۈپ «سۇف» دېگەنىدى،
ئۇ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى. مانا بۇ، ئۇنىڭ
ھەقىقەتەن ئىلاھىي زات ئىكەنلىكىگە دەلىل
بولدى» دېيىلگەن. دېمەك، «سۆيۈش» (نەپەس)
ئېيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش
جەھەتتىكى ئىلاھىي مۆجىزىسى ھېسابلانغان.
ھەتتا يىراقتىن تۇرۇپ ھاۋادىن سۆيۈش (ئۆلۈك
قولىنى ئاغزىغا تەككۈزۈپ ئوبيېكتىدىكى ئا-
دىمىگە ھاۋادىن يەتكۈزۈپ بېرىش)، ئاياللار
ئالقىنىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈش قاتارلىقلارمۇ
مۆجىزە ھېسابلانغان. گەرچە بۇ خىل ھەر-
كەتلەر ئادەم تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئارىيان
مىللەتلىرىنىڭ پسىخولوگىيىسى ۋە ئېتوگراف-
يىسىدە ئەزەلدىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇچراپ
تۇرىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، خرىستىئان دىنى
مەيدانغا كېلىپ ئومۇملاشقاندىن كېيىن ساماۋى
تۈس ئالغان بولىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ خىل ھەرىكەت
لەرنى ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى (پەيغەم-
بەرلەرنىڭ ئادەتلەنگەن ئىشلىرى) ھېسابلى-
نىدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئېيسا ئەلەيھىسسا-
لامنى يەھۇدىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا خىلاپلىق
قىلدى دەپ قامچىلاپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا،
پەيغەمبەرنىڭ ئون ئىككى نەپەر ھاۋارىيون
(شاگىرت) مۇرىتلىرى، بولۇپمۇ قىز شاگىرتلى-
رىنىڭ ھەممىسى قۇچىقىنى ئېچىپ ئېيسا ئە-
لەيھىسسالامنىڭ چارمىخ (كىرىست) باغلانغان
گەۋدىسىنى قورشىۋېلىپ ھاياتىنى قوغدىغان.

بۇ يەردىكى ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى
قولى (قۇچىقى) نى ئېچىپ كىرىستقا باغلانغىنى،
ھاۋارىيون قىزلارنىڭ قۇچىقىنى كېرىپ -چۆ-
رىدەپ پەيغەمبەرنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغـ
نى، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قۇچاقلىشىشنىڭ
دەسلەپكى ئەنئەنىۋى مەزمۇنى ۋە ئىلاھىي
سىمۋولى ھېسابلانغان. دوختۇرلارنىڭ كىرىست-
چارمىخ (+) بەلگىسى- دوختۇر پەيغەمبەر-
نىڭ سىمۋولى ۋە قۇچاق ئاچقانلىقىنىڭ يە-
نە بىر بەلگىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا،
خرىستىئان، نىستۇرىيان، كاتولىك دىنلىرىدى-
كى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ئۈستىدە سۆيۈ-
شۈش، قۇچاقلىشىش قاتارلىق جىسمانىي پا-
ئالىيەتلەرنى باشقىلاردىن ھايا قىلماي ۋە
تەپتارتماي ئادەت سۈپىتىدە ئاشكارا ھالدا
ئېلىپ بېرىشى ئۆز دىنىنىڭ ساماۋى قۇرۇل-
مىسى ۋە ئەنئەنىۋى ئادىتىدىن كەلگەن، دەپ
قاراش مۇمكىن. ئۇ، ئىسلام دىنى ۋە بۇددا دى-
نىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئەدەب،
ئەخلاق، ھايا، كۆز قاراشلىرىغا مۇخالىپ ھال-
دا «ئەدەبسىز ھەرىكەت» دېيىلگەن پىرىنـ

سىپلار قاتارىغا كىرمىگەن.

تارىختا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شامان، مانى، بۇددا ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقىتلىرىنىڭ تارىخىي، مۇددىتى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقتىنىڭ تارىخىدىن خېلى ئۇزۇن، قالدۇرغان تەسىرىمۇ خېلى چوڭقۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مىڭ يىلىدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئىسلامدىن بۇرۇنقى كۆپ خىل دىنلارنىڭ قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرى ئۇيغۇرلاردا ئۆزىگە خاس ئەخلاقىي پەزىلەت، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بىر قەدەر ئورتاق بولغان قىممەتلىك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى يېتىشتۈردى ۋە هازىرقى دەۋرىمىزگە قەدەر ساقلاپ كەلدى. بۇنداق ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلەر پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ.

لېكىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆيۈشۈش، قۇچاقلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئادەم تەبىئىتى نۇقتىسىدىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل مۇھەببەت تەقەززاسى بولسىمۇ، مىللەت ئەخلاقى، پسىخولوگىيىسى ۋە تارىخىي ئەنئەنىسىگە ئاساسەن هايا پەردىسىگە ئورىغان هالدا بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىش، باشقىلارنىڭ «مۆجىزە»لىرىنى كۆچۈرۈۋېلىپ كوچا - كويلارغا ئېلىپ چىقماسلىق كونسېرۋاتىپلىق (كونىلىققا مەهكەم ئېسىلىۋېلىش) بولمىسا كېرەك. مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان «دورامچىلىق»، «كۆچۈرمىچىلىك»، «چوقۇنۇش» قاتارلىق پائالىيەتلەردە بولماسلىقىمىز مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

1987 - يىل مارت، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان ماھۇت

### ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن...

ئېسى - نەس، ھەپتە بولسا بەس، ئاي بولسا ئۇرۇش، يىل بولسا قەسەم.

بىرگە خۇدادىن قورققاندىن قورق، بىرگە خۇدادىن قورقمىغاندىن قورق.

پادىشاھلىق ئەل بىلەن. تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ قولاققا ئارام يوق، يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ بۇلاققا.

كۆڭۈل كۆرمىگىچە كۆز كۆرمەس.

قىرىق يىل دېھقانچىلىق قىلغان كىشىگە دوزاق ئوتى ھارام.

نەسىھەت قىل، ئاڭلىمىسا سۆكۈت قىل.

كەپتەر بەغەزدە توختايدۇ، دۇنيا قەغەزدە.

خېرىدارنىڭ كۆزى بولسا كاسىپ ئاچ قالىدۇ.

توپلىغۇچى: دىلشات ئابلىز

### تەپەككۇر ئۈنچىلىرى...

ھەقىقەتنى تونۇشتىكى ئاساسىي توسالغۇ — سەپسەتە ئەمەس، بەلكى ساختا ھەقىقەتتۇر.

ھەقىقەت — سەپسەتە ۋە ساختىلىق بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەقىقەتتۇر.

بۇلبۇل ئادەم ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۇ — تۇغۇلغان كۈنى ئۈن چىقارماي، ۋاقتى كەلگەندە سايراشقا باشلايدۇ.

ئات تېيىلغاق يەردە يىقىلسا، ئادەم چىرايلىق گەپتە يىقىلىدۇ.

تاغ ھەرقانچە ئېگىز بولغان بىلەن كىشىلەرنىڭ پۇتىدىن ئېگىز ئەمەس.

مەنسەپ بىر چوققىدۇر. ئۇنىڭغا قانات قاققان قىران بۈركۈتمۇ چىقىدۇ. يامىشىپ يۈرۈپ يىلانمۇ چىقىدۇ.

كىتاب-ماتېرىياللاردىن توپلىغۇچى: جۈرئەت نىزامىدىن



# شەيتان سەپەردە

(تارىخىي رىۋايەت)

ئاچكۆز، يات، نوقانچىلاردىن يەتتىمىسى بىرقوم ①دىيارىدىن جەمجۇم ②دىيارىنى كۆزلەپ يولغا چىقىپتۇ. چوپان ③ دىيارىنى كېزىپتۇ. ئۆز سەپىرىدە چۆلگە يولۇقۇپتۇ. بىر قاپاق سۇ يۈدۈپ چۆلگە كىرىپتۇ. چۆل قۇرغۇنچلۇق، مۇساپىسى ئۇزۇن ئىكەن. ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ھېرىپ، نەپسلىرى ئېچىپتۇ. ماگالماي خۇدادىن رىسقى تىلەپ دۇئا - تالاۋەت قىلىشىپتۇ. شۇئان بىر تۆگە پەيدا بولۇپ ئۇلارغا بىر تال گۆلە (قاق) تاشلاپ بېرىپ: «تەڭرىيە گۆلار» دەپتۇ. ئۇلار گۆلىنى ئۈلۈشۈپ يېمەكچى بولۇپ، ئۈلۈشەلمەپتۇ. تۆگە يەنە پەيدا بولۇپ: «بىر قېتىمىدىن شۇمۇرۇڭلار» دەپتۇ. شۇمۇرۇش ياش بويىچە بىرىنچى كىشىدىن باشلىنىپتۇ. يەتتىنچى كىشىگە بارغىچە



خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن

كۆلىنىڭ شىرنەسى تۆگەپتۇ. ئۆز نېسىۋىسىگە ئىگە بولالمىغان پەتتىنچى كىشى: «تەڭ يېيىش ماڭا نېسىپ بولمىدى» دەپ خۇداغا نالە قىپتۇ. تۆگە يەنە پەيدا بولۇپ: «سەن ئۆچكىنى شورا، سۈدىن بىر يۇتۇم ئارتۇق ئىچ» دەپ غايىب بولۇپتۇ. ئۇ خوش بولۇپ، ئۆچكىنى ئاغزىغا سېلىپ ئالدىراپ قاپاقتىكى سۈدىنمۇ بىر يۇتۇم ئىچىشكە ئۇتتۇنۇپتۇ. لېكىن تەلىيى كاج كېلىپ، ئۆچكە ئاغزىدىن قاپاققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىر يۇتۇم سۇنى ئارتۇق ئىچىشكە چىدىيالماي تۇرۇۋاتقان ھەمراھلىرى غەۋغا كۆتۈرۈپتۇ. ئۆچكىنى تەڭ يېيىش ئۈچۈن قاپاقنى چېقىپتۇ. سۇ تۆكۈلۈپ تۈگەپتۇ. ئۆچكىنى چاقسا، پۈچەك چىقىپتۇ. چۆل قىزىپتۇ. بەش نوقانچى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپتۇ. ئىككىسى چۆلدىن تىرىك چىقىپ جەمجۇمغا كېلىپ، جەمجۇم مازىرىدا پاناھلىنىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ بىرسى بۇيەردىكى كىشىلەرگە ئۆزىنى «مەككە خوجا»، يەنە بىرسى ئۆزىنى «ۋەلى خوجا» دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ نەسەبلىرى بىر ئىكەن. ئەتراپىغا ئادەم يىغىپ، ئارەستىگە (تەرىقەت يولىغا) باشلاپتۇ. خانىقا چۆرۈپتۇ. «تائەت - ئىبادەت»كە تۇتۇنۇپ، جەرە - تەلقىن سېلىپ، مال - دۇنياغا يۈزلىنىپتۇ، دۇئا بىلەنمۇ ئېلىپتۇ، باھانە بىلەنمۇ ئېلىپتۇ، بالا بىلەنمۇ ئېلىپتۇ، قازا بىلەنمۇ ئېلىپتۇ. تويماپتۇ. كەلگىنىنى سورىماي، غىپ - غىپ ئېلىۋېرىپ، باي بولۇپ، نام چىقىرىپتۇ. مەنپەئەت تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن زىدلىشىپ ئاداۋەت تېپىشىپتۇ. خەلقى ئالەمنى قاخشىتىپتۇ. خەلق ئۇلارنى: تائەت - ئىبادەتسىز، غەيۋەت - شىكايەتسىز يۈرەلمەيدىغان، چاشقان ئاياغلىق، ئىت دىماقلىق، يىلان قامچىلىق «خوجا غىپ - غىپلەر» دەپ سۆكمە سۆز تارقىتىپتۇ. بۇ گەپ ئۇ «زات»لارغا سەت ئاڭلىنىپ، خاپا بولۇپ ئەلنى قارغاپ، بۇ يەرنى دۇئايى بەنت قىلىپ، يۈز قېچىپ دۇنيا بىلەن ياركەنت (يەكەن) دىيارىغا قاراپ ھىجرەت (سەپەر) قىلىپتۇ. ئۇلار ئاردىلانباغقا كېلىپ خانىنىڭ ياساۋۇللىرىغا ئۇچراپتۇ.

ياساۋۇللار ئۇلارنى خانغا ئاپىرىپتۇ. خان گەپ سوراپ، ئۇلارنىڭ نەپەس، تەلقىنلىرىگە تەن بېرىپ، خۇدايى بەندىلىك ساۋابى تېپىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئورۇن بېرىپ، ئەزىزلەپتۇ. خوجا غىپ - غىپلەر يەنىلا ئۆز پېئىل-نىيەتلىرى بىلەن جەمجۇم يولىنى تۇتۇپتۇ. زىنايى ھارامغا يۈزلىنىپ، خۇن تۆكىدىغان بولۇپ، نەشىگە بېرىلىپ، يەكەن ئەھلىگە سەت كۆرۈنۈپتۇ. خەلق ئۇلارنى: «زىناخور، خۇنخور، ناپاك، خۇدا يولىنى بۇزغۇچىلار...» دەيدىغان بولۇپتۇ. «تۇتۇنىنى بۇلۇتتىن، يۇندىسىنى ئىتتىن، تەرىتىنى تۇپراقتىن قىزغىنىدىغان تېجەمەللەر» دەپ تىللاپ، يامان كۆرۈپ ھەقلىق غەۋغا كۆتۈرۈپتۇ. خان بۇ غەۋغانى بېسىش ئۈچۈن مەككە خوجىنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

ۋەلى خوجا مەككە خوجىنىڭ دۇنياسىنى ئۆز دۇنياسىغا قوشۇۋېلىپ قەشقەرگە قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. مەككە خوجىنىڭ قەشقەردە ئىسھاق ئىسىملىك ئوغلى بار ئىكەن. ئىسھاق ۋەلى خوجىدىن دادىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دادىسى ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇرۇپ، ئاخىرى ۋەلى خوجىغا: «سىز دادامنىڭ ئىككىلا دۇنيالىق دوستى، جان كۆيەر تۇغقىنى، زىنداندىن قۇتۇلدۇرسىڭىز...» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ۋەلى خوجا ئۇنىڭغا: «مىڭ تەڭگە پارا بەرسەك قۇتۇلدۇرارمىز...» دەپتۇ. ئىسھاق قەرز قىلىپ، پۈتۈن بىساتىنى سېتىپ، مىڭ تەڭگە راسلاپتۇ. ۋەلى خوجا يوشۇرۇن يەكەنگە كېلىپ، خان ئوردىسىنىڭ زىندان بېگى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇ، زىندان بېگىگە: «ھوزۇرلىرىغا 500 تەڭگە ئەكەلدىم. قوبۇل قىلىپ زىنداندىكى مەككە

خوجىنى بۇگۈن كېچىدىن قالدۇرماي ئۆلتۈ-
رۈپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ ماڭا كۆر-
سەتمەكلىرىڭنى ئىلتىجا قىلىمەن. چۈنكى ئۇ،
زىنداندىن تىرىك چىقىپ قالسا، سىلىدىن
ھەم بىزدىن ئىنتىقام ئالىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ
پەيلى يامان، نىيىتى بۇزۇق ئادەم ئىدى» دەپ
يالۋۇرۇپتۇ. زىندان بېگى پۇلنى ئېلىپ، شۇ
كېچە مەككە خوجىنىڭ بېشىنى ۋەلى خوجىغا
كۆرسىتىپتۇ. ۋەلى خوجا قەشقەرگە كېلىپ
ئىسھاققا يولۇقۇپ: «خاننىڭ نەپسى چوڭ،
داداڭغا ئارتىلغان گۇناھ جىق، مىڭ تەڭگە
ئازلىق قىلدى. يەنە مىڭ تەڭگە تەلەپ قىلى-
دۇ...» دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىسھاق
قاتتىق يىغلاپ: «ئانامنىڭ دادىسىدىن قالغان
پۇل -ۋەجىنىڭ خەزىنە ئاچقۇچىنى دادام ئۆز
مەيدىسىگە تىكىۋالغانىدى. مەن شۇ ئاچقۇچ-
تىن ئەنسىرەيمەن. غېمىم شۇنىڭدا. خەزىنە
كىشىلەرنىڭ قولىغا ياكى خاننىڭ دامىغا
كېتىپ قالمىسىدى، دەپ يىغلايمەن. خۇدا
ھەققى ئامال قىلىسىگىز...» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.
ئىسھاق دەرۋەقە قۇرۇق قولكەن. ۋەلى خوجا
مىڭ تەڭگە تېپىشتا چىڭ تۇرۇپ، يول كۆر-
سىتىپ: «قالماق ئامبىلىغا سېتىلساڭ پۇل بې-
رىدۇ، پۇلنى شۇ يەردىن ئال» دەپتۇ. ئىسھاق
شۇنداق قىلىپ، ئامبالغا ئۆمۈرلۈك سېتىلىپ،
مىڭ تەڭگە ئېلىپتۇ. ۋەلى خوجا مىڭ تەڭگى-
نى ئېلىپ بىر مەزگىل يوقىلىپ، كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئىسھاققا يولۇقۇپتۇ: «باردىم، جىق
كۆچىدىم. بىراق داداڭ پانىي ئالەمدىن رەنجىپ
باقىي دۇنياغا رەھلەت قىلىپتۇ-ئىننا ئەلەيھى
راجىئۇن» دەپ كۆز يېشى قىلىپتۇ. ئۇ كېيىنكى
مىڭ تەڭگىنى قەشقەرنىڭ ئامبىلىغا، بۇرۇنقى
500 تەڭگىنى شەھەر مۆتىۋەللىيسىگە پارا بې-
رىپ، قايدۇنىڭ قازىلىقىنى سېتىۋاپتۇ. ۋەلى
خوجا قايدۇنىڭ قازىلىقىغا ئولتۇرۇپ، قەش-
قەرنى بېشىغا كىيىدىغان چوڭلارنىڭ بىرىگە
ئايلىنىپتۇ. خۇنخورلۇقتا داڭ چىقارغاچ، كە-
شىلەر: «ئۇرغىلى بولماس خوجىنى، تىللىغى-
لى بولماس خوجىنى، خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى»
دەيدىغان بولۇشۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە
ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى دەۋاگەر كېلىپتۇ. بىرى
چەت ئەللىك سودىگەر ئىكەن. يەنە بىرى
قەشقەرلىق باقى ئىسىملىك دېھقان ئىكەن.
چەت ئەللىك سودىگەر دەۋاگەر ئەلپازىدا تۇ-
رۇپ ئەرزىنى ئېيتىپتۇ:

—مېنىڭ ياپچان يولىدا بىر كۆلۈم بار
ئىدى، قېچىرلىرىمنى سۇغۇراتتىم. بۈلتۈر
تۇنجى قېتىم بۇ ئەلگە كەلگەن ۋاقتىمدا شۇ
كۆلدىن قېچىرلىرىم سۇ ئىچكەن، ئىز قال-
دۇرغان، تېزەكلەپ قويغان. ۋەھالەنكى بۇ
نۆۋەت ئىككىنچى قېتىم كەلسەم بۇلار كۆلنى
توسىۋېلىپ، قېچىرلىرىمنى سۇغۇرغىلى قويـ-
مىدى، گۆلەيدى. كۆلۈمنى قولۇمغا ئېلىپ بەرگەيـ-
سىز،—دېگەچ قازىغا ئىشارەت قىلىپ دومسـ-
يىپ تۇرغان قويىنىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

قازى ئۇنىڭ قويىنىدىكىنى يامبۇ دەپ
چۈشىنىپ، ئەرزلەنگۈچى باقىدىن سوراپتۇ:

—بۇ نېمە گەپ!

باقى جاۋاب بېرىپ:

—بۇ، كۆل بىزنىڭ، مېنىڭ ئاتا - بوۋام
كولىغان، سۇ ئىچكەن، بىزگە مىراس قالدۇر-
غان. بىز ھالال ساقلاپ سۇ ئىچىمىز، ئاسرايـ-
مىز، جان تىكىپ قوغدايمىز. ۋەھالەنكى بۇ
ئەرباب قېچىرلىرىنى سۇغۇرۇپ، سىيگۈزۈپ
كۆلنىڭ سۈيىنى بۇلغىدى. بىز مۇسۇلمان-
لارنىڭ ھالال لوقمىسىنى ھارام قىلغان بۇ
نائەھلى يولۇچىغا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە
چارە كۆرۈپ بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن،—
دەپتۇ.

قازى دەۋانى ئەتىگە قالدۇرۇپتۇ. چەت
ئەللىك سودىگەر پارا ئارقىلىق ئامبال بىلەن
قازىنى ئۆزىگە رام قىلىپ، كۆندۈرۈپ بول-
غانىكەن. ئەتىسى باقى يۈزلىگەن مەھەللە جا-
مائىتى بىلەن بىللە دەۋانىڭ ئۇچۇرىنى ئې-

لىشقا قازىغا كەپتۇ. قازى دەپتۇكى:

— زېمىن، سۇ، ئاب- هاۋا بەندىنىڭ مۈلكى بولۇشقا نېسىپ ئەمەستۇر. خۇدا ئۇنى كىمگە ئاتا قىلسا، كىمگە بۇيرۇسا شۇنىڭغا نېسىپ بولغاي. رىسقىنى قوغلاپ- ئىزلەپ، تېپىپ يېگۈچىلەر ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بەندىلەردۇر. بىز ئاللاھنىڭ هۆكمى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئىتىنى ئاساس قىلىپ ئىش قىلىمىز. كىتابىي پەتىۋادىن چىقىشىكى كۆلنىڭ چەت ئەللىك سودىگەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق. كۆل ئەتراپى هەم شۇ كىشىگە مەنسۇپتۇر...

جامائەت غەۋغا كۆتۈرۈپ، قازىنىڭ گەپلىرىنى رەد قىلىپتۇ. غەۋغا كۆتۈرگۈچىلەر كۆپىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باللار، پەرەنجىلىك خوتۇنلارمۇ بار ئىكەن.

قازى ئۇلارغا كايىپ:

— ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ سۆزىگە زىت سۆزلەش، قارشىلىق قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر. هۆكۈم بىر، قۇلاق ئىككى،... — دەپ خالايىققا تارقىلىشنى بۇيرۇپتۇ، خالايىق ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ.

— سۆزۈم بار، — دەپتۇ پەرەنجىلىك بىر ياش خوتۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ، — قۇرئان كەرىمدە: «هۇببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان» (ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر) دېگەن بىر كەلىمە سۆز بار. دېمەك، ئۆز يۇرتىنى قوغداش — ئۆز كۆلىنى قوغداش هەرگىز كۇپۇرلۇق ئەمەس. مەن سىلەرگە مۇنداق بىر رىۋايەتلىك سوئالنى بېرىپ باقاي: زامانلارنىڭ زامانىسىدا قەشقەر دىيارىغا بىر پەرەڭ كارۋىنى كەپقاپتۇ. شۇ كارۋان تۆگىلىرىنىڭ بىرىنىڭ چومى (توقۇم)دا ئۇۋىلاپ قالغان بىر چاشقانمۇ بىللە كەپتۇ. كارۋان تۆگىلىرىنى يېڭىسار لەڭگەرلىرىنىڭ بىر كۆلىدە سۇغۇرۇپتۇ. چاشقانمۇ شۇ كۆلدىن سۇ ئىچىپتۇ. ئىچكەندىمۇ جىق ئىچىپتۇ، سىڭگۈرەلمەي كۆلگە سىيىپ تاشلاپتۇ. ئۇنى كۆرگۈچىلەر چاشقاننى ئۆلتۈرۈشكە قوغلاپتۇ، چاشقان قېچىپ يوقاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ چاشقان هەزرىتى سۇلايمانغا ئەرز قىلىپ: «مۇشۇ كۆلدە مېنىڭ هەققىم بار، ئەجرىم سىڭگەن، مايىغىم- تەرىتىم تۆكۈلگەن، ئىزىم قالغان» دەپتۇ. هەزرىتى سۇلايمان بۇ چاشقاننىڭ ئەرزىنى كېيىنكى قازىلارنىڭ سوراپ هەل قىلىشىغا قالدۇرۇپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئەي قازى! شۇ چاشقاننىڭ دەۋاسى توغرىمۇ؟ كۆلنىڭ سۈيىنى بۇلغىغان چاشقان ئەيىبلىكمۇ ياكى كۆلنى چاشقاندىن قوغدىغان ئادەمزات ئەيىبلىكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قازى زۇۋان سۈرەلمەپتۇ. خالايىق: «بىز كۆلنى ئەمەس، بىر تامچە سۈيىنىمۇ، بىر غېرىچ گىرۋىكىنىمۇ چەت ئەللىك سودىگەرگە بەرمەيمىز...» دېيىشىپ غەۋغانى ئۇلغايتىپتۇ. قازى غەزەپلىنىپ، جامائەتنى قارغاپتۇ. باقى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي قازى! سېنىڭ قارغىشىڭنىڭ هەممىسى ئۆز نەسەبىڭگە، ئەۋلادىڭغا هېساب بولسۇن، بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنىڭ هەممىسى پۈتۈن قەشقەرلىقلەرگە هېساب بولسۇن. بىز قارغىشىڭ ئاقىۋىتىنى مۇشۇنداق ئۆلۈشۈپ ئالايلى.

جامائەت كۈلۈشۈپتۇ. قازى چىدىماي باقىنى دەررىگە باسماق بولۇپتۇ. جامائەت مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، قازىغا ئېتىلىپتۇ. ئامال بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قازىنى قۇتۇلدۇرۇپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ.

---

① بۇرقۇم — قاغىلىق بىلەن تاشقورغان ئوتتۇرىسىدىكى بىر مازار.

② جەمجۇم — قاغىلىقنىڭ بىرىيېزىسى هەم مازارنىڭ نامى.

③ چۇپان — قاغىلىقنىڭ بىر يېزىسى.

بۇ رىۋايەت تىبەتنىڭ دوما رايونىدا يەرلىشىپ قالغان **قابىز تاڭغۇت** (ئەسلى قاغىلىق كۆكيالىق) دېگەن كىشى ساقلىغان «شەيتان سەپەردە» دېگەن قول يازما توپلامدىن **1963**- يىل 7- ئايدا كۆچۈرۈۋېلىنغان.

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىزامىدىن هۈسەيىن**

**مەسئۇل مۇهەررىرى: قۇربان مامۇت**



# سازەندە



(ھېكايە)

مىرمۇھسىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئۇستا سىراجىددىن تويچى ھاپىزغا جور بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىن تارتىپ، شۇ چاغقىچە «قاسساپتىن شائىر چىقمىغاندەك، ھېسسىياتسىز چېلىنغان غىجەك — ھەرە تارتىشتىن پەرقلەنمەيدۇ...» دەپ يۈرەتتى. دەرھەقىقەت ئۇ ئۆز تەمبۇرىنى زوق ۋە ماھارەت بىلەن چالاتتى. ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، شەھىرىمىزدە پېشقەدەم ۋە ھەقىقىي سازەندىلەردىن تۆتى بولسا، بىرى، شۇ ئۇستا سىراجىددىن ئىكەن. يۇنۇس ئاكا چوڭ ئولتۇرۇشلاردا مۇقام ئېيتىدىغان بولسا، ئۇستا سىراجىددىننى تاپتۇرۇپ كەلمەي قويمايدىكەن.

ئۇستا ھەر ئاخشام ئانسامبىلدىن خىزمەتتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۆز سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ، خېلى ۋاقىتقىچە تەمبۇر چېلىپ مەشق قىلىدۇ. ھارغاندىن كېيىن تەمبۇرنى دۇخاۋا قېپىغا سېلىپ، ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويىدۇ — يۇ، ياستۇققا باش قويۇپ، تا ئۇيقۇغا كەتكىچە يېنىدىكى كارىۋاتتا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان سەككىز ياشلىق ئوغلىغا قاراپ ياتىدۇ. دىققەت بىلەن سەپسالغان ئادەم، ئۇستا سىراجىددىننىڭ ئىككى پەرزەنتى بارلىقىنى بايقايتتى. بىرى — يالغۇز ئوغلى، ئىككىنچىسى — قىرىق ياشتىن ئۆتكەن بولسىمۇ دائىم ياش بولۇپ تۇرىدىغان سەدەپكۆزلۈك تەمبۇرى. بۇ ئىككى پەرزەنتى ئۇستىنىڭ كۆز نۇرى. ئېھتىمالكى، ئۇستا سىراجىددىن بىر نەچچە پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلار قازا قىلغانىدى. ئوغلى ئازراق قىزىتىپ قالغىدەك

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

بولسا، ئۇنىڭ كۆزىگە پۈتۈن دۇنيا قاراڭغۇ
بولۇپ كۆرۈنەتتى.

شۇ پەرزەنتىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلىگەن بىر
كەچتە، ئۇستا سىراجىددىننىڭ ئىشىكىنى كىم -
دۇر بىرسى چەكتى. ئۇستا چىقىپ ئىشىكنى
ئاچتى. ئانسامبىلدىكى دۇمىلاق غىجەكچى يە -
گىت بۈگۈن كەچ پەرمانىۋنىڭكىدە چوڭ توي -
ئوغلىنى ئۆيلەۋاتقانلىقىنى، سازەندىلەرنىڭ
ھەممىسى كېلىشى كېرەكلىكىنى تاپىلاپ سۆزلىدى.

— ئۆزىمىزنىڭ چوڭىمىز پەرمانىۋمۇ؟ —
ئۇستا سورىدى.

— ھە، — دېدى غىجەكچى.

— ئوغلۇم قىزىپ ياتىدۇ، ساق بولغىنىدا، ئەل-
ۋەتتە باراتتىم. . .

— لەببەي، — دېدى ئۇ بىر ئاز ئويلاپ، —
قانداق بولىدۇكىن. . بارمىسىڭىز بولماس، ئۇستا!

— بالام ئوت - كاۋاپ بولۇپ ياتىدۇ دە-
ۋاتىمەن، ئۇكا، گرادۇسى ئوتتۇز توققۇز،
قىرىق. . .

— ئىككى سائەتتەك ئولتۇرىمىز، ئايلام
قاراپ تۇرسۇن، بارمىسىڭىز كۆڭلىگە كېلىدۇ،
پەرمانىۋنىڭ مىجەزى يامانراق دېيىشىدۇ. . .

— بارمايمەن! يۈرىكىم ئېچىشىپ تۇرسىمۇ،
سىرتىم كۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس-
مەن! راستىنى ئېيتقاندا، بۈگۈن تەمبۇرنى
قولۇمغا ئالالمايمەن.

— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئۇستا، ئېيتتىم ۋەزى -
يەم تۈگىدى، پەرمانىۋ ئاكاملار. . .

غىجەكچى يىگىت كەتتى. ئۇستا سىراجى -
دىن ئىشىكنى يېپىپ ئۆيگە كىردى - دە، ئوغ-
لىغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. ئۆي
ئىچىدە پەيدا بولغان ئىككى چىۋىننى دەرھال
تۇتۇپ غەزەپ بىلەن ئېزىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدىكى تۆردە ئېسىغلىق تۇرغان تەم-
بۇرنىڭ گرادۇسى قىرىققا چىقىپ ھاسىراپ
ياتقاندەك كۆرۈندى. . .

قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن ئۇنىڭ ئىشىكى
ئالدىدا بىر پىكاپ توختىدى. بىردەمدىن كې -
يىن ئىشىك چېكىلىپ قالدى. ئۇستىنىڭ يۈ-
رىكى جىغىلداپ كەتتى. بالىغا قاراشقا خوتۇ-
نىنى قويۇپ، ئۆزى سىرتقا چىقتى. ھويلىغا كىر-
گەن ناتونۇش يىگىت ئۇستىغا بىر قەغەز سۇندى.
پەرمانىۋ ئۆز قولى بىلەن «تويغا كېلىڭ» دەپ
خەت ئەۋەتىپتۇ. بۇ — تەكلىپنامىدىن كۆرە
بۇيرۇقنامىگە ئوخشايتتى. «پەر» دەپ قىسقا
ئىمزا قويۇشتىن خەتنى غەزەپ بىلەن يازغان-
لىقى بىلىنىپ تۇراتتى. «پەرمانىۋتىن تەك -
لىپنامە چىقمايدۇ، پەرمانىنامە چىقىدۇ. . .»
دەپ كۆڭلىدىن كەچۈردى ئۇستا. خەت ئېلىپ
كەلگەن يىگىت ئۇستىغا تىكىلىپ ئېيتتى:
«قېنى، پىكاپقا چىقىڭ» دېگەندەك ئىما قىل-
دى. «ياق، ئۇكا، سىز كېتىۋېرىڭ، مەن يې -
رىم سائەتكە قالماي يېتىپ بارىمەن» دېدى.
يىگىت پىكاپنىڭ ئىشىكىنى «تاق» قىلىپ يې-
پىپ، گۈر قىلىپ مېڭىپ كەتتى.

بىر سائەتكە قالماي ئۇستا سىراجىددىن
تەمبۇرنى قولتۇقلاپ توي تەنتەنىسىگە كىرىپ
كەلدى. ئىشىكتە ئۇنى بىر نەچچە نوچى يە -
گىتلەر كۈتۈۋېلىپ، تۆرگە تەكلىپ قىلىشتى.
شۇ يەردە كۆزلىرى قىزارغان، شىركەيىپ پەر-
مانىۋنىڭ ئۆزىمۇ پەيدا بولۇپ، ئۇستىنى سا-
زەندىلەر ئولتۇرغان سۇپا تەرەپكە باشلىدى.
ئۇستا سورۇنغا يېقىنلىشىشى بىلەن ئۇ يەردە ئول-
تۇرغان سازەندىلەرنىڭ گۈررىدە ئورنىدىن
تۇرغانلىقى مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.
ئۇستىنى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، بېلىگە ياس -
تۇق يۆلەشتى. غىجەكچى يىگىت بىر پىيالە
ئىسسىق چاي تۇتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر يەرگە
بارسا ئاۋۋال بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئىچىش
ئادىتىنى ئاغىنىلىرى ياخشى بىلەتتى. تويدا مەس-
ئەلىسىنىڭ تولىلىقى ئۇستىنى ئىختىيارسىز
بىر خۇرسىندۇرۇۋەتتى. چۈنكى بۇنداق توي-

لار ئۇستىغا ياقمىغانلىقتىن باشقا، سەنئەتنىڭ نازۇك ـ نەپىسلىكىنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز تەبىرىچە «گۈلنى يۆگىمەچلەر چىرمىۋالىدۇ».

ئۇستا ئۆيگە چاپسانراق يېنىش مەقسىتىدە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ساز چېلىشقا باشلىدى. ئاۋۋال جىمجىت قۇلاق سالغان ئادەملەر بىر ئازدىن كېيىن، يەنە ئۆز ئارا گۇدۇڭشۇپ سۆزلىشىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر پىيالە چاي ئىچىپ، «ناۋا»نى باشلىدى. بۇنى سورۇندا ئولتۇرغان سازەندە ئاغىنىلەردىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى. سورۇنغا يېقىن بىر يەردە ئولتۇرغان پەرمانوۋ ئاشخانا ياققا كېتىۋېتىپ، يېنىدا بىللە كېتىۋاتقان كىشىگە پىچىرلىدى:

— ئۇستا تۈگىشىپتۇ.

— ئىست، ئىست، «ناۋا»مۇ بۇزۇلدى، بۇرۇن ياخشى چالاتتىغۇ...

— قېرىدى ـ دە، بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى شۇنداق بولۇپ قالغان. ئانسامبىلدىن بوشىتىۋېتەيلى دەيمىز ـ دە، يەنە قېرى ئادەم قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، دەيمىز. ئۆزىمۇ بەك توك ئادەم.

بىر ھېسابتا شۇ ئىككى ئادەمنىڭ بۈگۈن ئۇستىنىڭ سازىدىن قانائەت قىلمىغانلىقى توغرا. سورۇندا ئولتۇرغان سازەندىلەر بۇنىمۇ كۆڭۈللىرىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئېغىزىدىن چىقىرىشمىدى. ئۇستا سىراجىدىن «ناۋا»نى ھەقىقەتەنمۇ روھسىز، ناچار چالدى. ئۇ چېلىش تۈگىگەندىن كېيىن يېنىدىكى سازەندىلەرگە ئوغلىنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئورنىدىن قوزغىلىپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانىدى، پەرمانوۋ ئۆيىدىن ئەللىك سوملۇق پۇل چىقارتتى. ئىشىكتىن چىقىۋاتقان ئۇستا پۇلنى ئالماي:

— بۇنى پەرمانوۋقا ياندۇرۇپ بېرىڭ، سەنئەت پۇلغا سېتىلمايدۇ. سەنئەتنى پۇلغا ساتىدىغانلارنى بەك يامان كۆرىمەن، مەن توي مۇبارەك بولسۇن دەپ كەلگەنمەن.. — دېدى.

مىش ـ مىش گەپلەر تارقالدى. پەرمانوۋ ئۇستىغا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى سىراجىدىنىڭ: «پەرمانوۋقا ئوخشىغان ئەمەلدارلار ئەپسىز دارۋازنى ئەسلىتىدۇ. دارۋاز ئارغامچىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ساق-سالامەت ئۆتۈۋېلىش ئەمەس، دار ئۈستىدە ئەركىن مېڭىپ، سەنئەت كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە زوق بېرىشى كېرەك. پەرمانوۋ ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش قولىدىن كېلىشىنى كۆرسىتىش بىلەن ئاۋارە بولغان ئەپسىز دارۋازنىڭ دەل ئۆزى» دېگىنى پەرمانوۋنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا: «قولى سازغا ئەپلەشمەي قالغان» ئۇستا سىراجىدىن ئانسامبىلدىن بوشىتىلدى.

ئۇ، سەنئەتنىڭ چوڭ بايرىمىغىمۇ قاتنىشالمىدى.

بولغۇلۇق بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇستا سىراجىدىن يول ئۈستىدە ئانسامبىلدىكى ئاشۇ دومىلاق غىجەكچى يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. يىگىت جۇشقۇن كۆرۈنەتتى. ئۇ گويا سىراجىدىنغا قايغۇرغاندەك بولۇپ، ھال سورىغاندىن كېيىن:

— ئۇستا، ئۆزىڭىزمۇ بىر ئاز كېلىشەلمىدىڭىز ـ دە... «لۇلىنىڭ ئېشىكىنى سۇغار، پۇلىنى ئال» دېگەن گەپ بارغۇ... — دېدى.

— ياق! — دېدى دۇدۇقلاپ ئۇستا سىراجىدىن، — بۇ گېپىڭىز توغرا ئەمەس! ئەگەر شۇ نىيەت بىلەن سەنئەتىمىز ئىچىدە بولغان بولسىڭىز ئىككى ئالەمدىمۇ سازەندە بولالمايسىز.

— ئادەم بولالمايسىز، دەپلا قويۇڭ، ئۇستا، — دېدى غىجەكچى بۇ سۆزدىن خاپا بولغاندەك بولۇپ.

— ھە، ئادەم بولالمايسىز! بۇ توغرا گەپ!

ئۇستا سىراجىدىن شۇ گەپتىن كېيىن، يۈزىنى تەتۈر قىلىپ كېتىپ قالدى.

يېقىندا ئۇستىنىڭ تاشتىرەمدە ئىشلەيدىغان بىر ئىشچى ئاغىنىسى ئۆز يۇرتىدا چوڭ توي ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۇستا سىراجىدىننى ئايالى ۋە بالىسى بىلەن بىللە يۇرتىغا ئېلىپ كەتتى..

ئاشۇ بەزمە كېچىسى ئۇستا سىراجىددىن ئىككى كۆزىنى يۇمۇپ ئالغان ھالدا «ناۋا» نى شۇنداق ئاجايىپ بىر زوق بىلەن چالدىكى، تارلار تىلغا كىرىپ بىردەم قاھ - قاھ ئۇرۇپ، بىردەم ناز قىلىپ، بىردەم ئەركىلەپ، يىغلاپ، بىردەم گۈلدۈرمامىلاردەك تاغۇ - تاشنى تەۋرىتىپ، بىردەم ئاستا دولقۇنلاپ، پۈتۈن بىر كەچرى دالىنى، يۈزلىگەن مېھمانلارنى ئۆزىگە باغلاپ ئالدى. چوڭ - كىچىك ھەممە بېدىلىك چېتىدىكى شىپاڭ ئەتراپىدا سۇ سەپكەندەك جىم ئولتۇرۇپ تىڭشايتتى. ئۇستىنىڭ سەنئىتىدىن ھەيران بولغان ئادەملەر بىر تەمبۇردىنمۇ شۇنچىلىك ئاۋاز، شۇنچىلىك دىلبەر ئاھاڭلار چىقىشىغا ئاپىرىن ئېيتىشاتتى. ياش چوكانلار دېرىزىلەردىن مارىشىپ، تەلمۈرۈپ ئۇستىنى بىر كۆرۈشكە ئالدىرىشاتتى. قېرىلار بولسا، بۇ موللا تويچى ھاپىز كەلگەن چاغدىكى تويلارغا ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشاتتى. بەزى ئادەملەر ئۇستا سىراجىددىننىڭ چېچىدىن تارتىپ تاپىنىنىڭ ئۇچىغىچە ناۋا بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ساز ساداسى پەقەت تەمبۇر تارلىرىدىن ئەمەس، ئۇستا سىراجىددىننىڭ ھاياتقا ئاشىق قەلبىدىن تېشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇشاتتى.

ئەشچى ئانىسىدىن ئېسىل تەمبۇرنىڭ زوققا تولغان ئاۋازى خېلىغىچە جاراڭلاپ تۇردى.

توي خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتتى.

— ئۇستا، — دېدى كۈنلەردىن بىر كۈنى تاشتېرەملىك ئاشۇ ئاغىنىسى، — خاپا بولماڭ، سىز ئۆلمەيدىغان ئادەمسىز. سىزنى خاپا قىلغان ئادەملەر ھەر قانچە قورساق سېلىپ كېرىلىۋەرسۇن، ھامىنى تەمبۇرىڭىزگە خەرەكمۇ بولالمايدۇ! بىز بۇنى ياخشى بىلىمىز. . .

كېيىنچە ئۇستا سىراجىددىننى يەنە ئارام - خۇدا قويماي، ئانسامبىلغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئورنى بەكمۇ بىلىنىپ قالغانىكەن.

---

يازغۇچىنىڭ «ھېكايە ۋە قىسسەلەر» توپلىمىدىن: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ تەرجىمىسى

تەرجىمە مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

# تەمبۇرچى دوستۇم ھەققىدە مۇۋەششەھ

تېيىپجان ئېلىيوپ

ھەق ئىدى بولسا لەقەم تەمبۇر ساڭا،
سەن ئۇنىڭغا جور، ئۇمۇ بەك جور ساڭا.

ئۆركىلەي بارماقلىرىڭنىڭ شەۋقىدىن،
تىڭشىماس كىممۇ قاراپ مەغرۇر ساڭا.

سەن كەبى كىم سايرىتالايدۇ ئۇنى،
يا چىقارغانمۇ ئاتاپ ئۇيغۇر ساڭا.

ئەۋجىگە چىقتىڭ يۇ بابتا جۇش ئۇرۇپ،
بۇئۇدۇم سىڭگەنىكەن چوڭقۇر ساڭا.

ناخشىغا خوپ جىلۋە بەرگەچ بارمىقىڭ،
ئاڭلىغانىنىڭ ئالقىشى بەك زور ساڭا.

جامىكام كەتكەن كەبى «بارىكاللا» دەپ،
روزى تەمبۇر روھى مەمنۇندۇر ساڭا.

ئايرىغاچقا ساز چېلىپ غەم - قايغۇدىن،
ئەلمۇ چىن مېھرى بىلەن غەمخور ساڭا.

نەغمىدە چالغان بىرەر پەدەڭ ئۈچۈن،
يازسىمۇ ئاز نەزمىدىن مىڭ قۇر ساڭا.

1987 - يىل 13 - ئاپرېل

كىتاب - غايەت زور كۈچ

ھۆسنخەت
ئەسەرلىرىدىن
مۇھەممەد رازى يۈسۈپ

بىلىمسىز ئادەم مېۋىسىز دەرەخ

سۆز قىلساڭ توغرا قىل
ئىش قىلساڭ پۇختا قىل

ئوقىل تويماس
بىلىم خورىماس


تالانت - مېھنەتنىڭ مېۋىسى

ئىناق ئەلدە
ئاپەت يوق
ئىناقسىز ئەلدە
ئامەت يوق


كۈچ - بىرلىكتە

بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس

شىنجاڭ
ياخشى




ھۆسن خەتلەرنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان




新疆文化（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 37 - يىل نەشرى 1988 - يىل 1 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ژۇرنالنىڭ مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نومۇرى: CN 65 — 1073/1

ۋەكالەت نومۇرى: 22 — 58. ئىزنىملانغان نومۇرى: 414